


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئاپتورىنىڭ رۇخستى ۋە تەلىپى
بىلەن ئېلكىتاب توردا تۇنجى بولۇپ تارقىتىلدى.


ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

ئۇيغۇر ئائىلە مائارىپى قوللانمىلىرى

ئانا تىل دەرسلىكى

3 - قىسىم

# ئۇيغۇر بۇلاق

ئابدۇۋەلى ئايۇپ




ئۇيغۇربۇلاقتىن باشلانغان بۇ ھېكايە سىزنى ۋە بىزنى شۇنداقلا پەرزەنتلىرىمىزنى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ يىللاردىن بۇيان چەكلەنگەن، توسۇۋېتىلگەن، ئىچ يۈزى كۆرسىتىلمىگەن سىرلىق قەسىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

—— پروفېسسور، دوكتۇر ئەسەت سۇلايمان

# ئۇيغۇر بۇلاق

ئۇيغۇر ئائىلە مائارىپى قوللانمىلىرى

ئانا تىل دەرسلىكى

3 ـ قىسىم

# ئۇيغۇر بۇلاق

بۇ كىتابىمنى كىملىكىنى ئىزدەۋاتقان ئۇيغۇر بالىلارغا بېغىشلايمەن

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

2020 ـ يىل 3 ـ ئاي
بىرىنچى نەشرى، بىرىنچى بېسىلىشى
تۈركىيە ـ ئىستانبۇل
تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

ئۇيغۇر ئائىلە مائارىپى قوللانمىلىرى

ئانا تىل دەرسلىكى

3 ـ قىسىم

# ئۇيغۇر بۇلاق


يازغۇچى : ئابدۇۋەلى ئايۇپ
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ئابدۇۋەلى ئايۇپ
مۇھەررىر : ئابدۇجەلىل تۇران
بەت لاھىيەسى : ئايتولدى
مۇقاۋا رەسىمىنى سىزغۇچى : بىلال ئابدۇسالام، 12 ياش(گوللاندىيە)


---

**UYGHUR SPRING**

**Weli Ayup**


ISBN: 978-82-691956-0-6



Abduweli Ayup: yanmaymiz@gmail.com


---


ئۇيغۇر پروجەكت فوندىنىڭ قوللىشى ۋە تەۋسىيەسى بىلەن نەشر قىلىندى

# مۇندەرىجە

سۇ نەدىن كەلگەن، يول نەگە بارىدۇ؟ .......................... 15
بىزنىڭ ئىسمىمىز نېمە؟ ....................................... 19
ئۇيغۇر بۇلاقنى كۆردۈم ...................................... 22
ئۇيغۇر بۇلاقتا خىسلەت بار .................................... 24
بىز قانداق ئۇيغۇر بولغان .................................... 26
دىۋان دەپ بىر كىتاپ بار ئىكەن ................................ 28
قوش مۇڭگۈزلۈك ئادەم ....................................... 31
ئالىكساندىر ۋە ئارغۇماق ..................................... 34
ئۇيغۇر قۇل بولمايدۇ ........................................ 38
قىرىق ئەسكەرگە بىر قازۇن .................................... 41
ئۇلار ئۇيغۇرلاردۇر .......................................... 44
ياراشقاندىن كېيىن ........................................... 46
تارىختىن قايتىپ كەلدۇق ..................................... 48
ئەلنى بۆلگەن بەش ئوغۇل .................................... 52
ئايرىلغاننى ئېيىق يەر ....................................... 57
پايتەختىم قەيەر ............................................ 60
ھىندى سودىگەرنىڭ ھېلىسى .................................... 64
كومراجىۋا ۋە سىرىمترالا ..................................... 66
شەھەرلەرنى قۇم باستى ........................................ 70
تۆت چېچەن .................................................. 73
تاغچى ۋە شەھەرچى راھىپلار .................................. 79
كۆن چىقىشتىن كەلگەن قارا قۇيۇن .............................. 84

ئۆيى يوقنىڭ ئويى يوق .............................. 90
بىز قىلچىقا ئىشىنىمىز ................................ 96
دانىشمەن ئەندىر ...................................... 104
قۇللۇق كېسىلى ....................................... 106
ئەركىنلىك چاقىرىۋاتىدۇ ................................ 109
قۇتۇلۇش قۇرۇلتىيى .................................112
تاشنىڭ غەلبىسى ....................................115
كۆچ ـ كۆچ دېگەن تۆگمەس ناخشا ...................117
ھەقىقەت نەدە .......................................121
بالا ئالىم ........................................... 126
باغداتتا ئوقۇيمەن ..................................... 128
بالامنى ئوقۇتاي.......................................... 132
خوتەندىن كەلگەن توپا..................................... 136

# تارىمنىڭ تىنىقى

## ئابدۇۋەلى ئايۇپنىڭ «ئۇيغۇربۇلاق» ناملىق كىتابى ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز

ئەسەت سۇلايمان



-1-

ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا گويا ئانا بالىياتقۇسىغا ئوخشايدىغان بىر ئەزىم تۇپراق بار. بۇ تۇپراقنىڭ تۆت تەرىپىنى ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرى قورشاپ تۇرىدۇ، دېڭىز-ئوكيانلاردىن كېلىدىغان نەم ھاۋا ئېقىمى بۇ تۇپراقلارغا يېتىپ كېلەلمەيدۇ، بۇ يەردىكى دەريا-تاراملارمۇ دېڭىزلارغا ئېقىپ بارالمايدۇ. ئەمما جۇغراپىيەلىك بېكىك مۇھىتتا ياشاپ كەلگەن بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقلەر ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆزلىرىنىڭ رەڭدار ئۈلۈشلىرىنى قوشقان.

شىمالدىكى تەڭرىتېغى بىلەن ئالتاي تاغلىرىدىن ۋە جەنۇبتىكى قاراقۇرۇم تېغى بىلەن ئالتۇن تاغلىرىدىن سان-ساناقسىز بۇلاق-چەشمىلەر، دەريا-تاراملار پەسىللەر بويى پەسكە قاراپ ئېقىپ تۇرىدۇ. يۇنانلىق تارىخچىلار «**Oikhardas**»، يەنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغان تارىم دەرياسى ئەنە ئاشۇ سانسىز دەريا-تاراملارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان.

تارىم دەرياسى بۇ ئەزىم تۇپراقنىڭ ئانا دەرياسى. بۇ يەردىكى ئادەم كۈچى بىلەن بەرپا قىلىنغان كىمخاپتەك بوستانلىقلار

ۋە بۇ بوستانلىقلاردا دۇنياغا كەلگەن پارلاق مەدەنىيەتلەرنىڭ ھاياتى كۆچى تارىم دەرياسىنىڭ تىنىقىدىن كەلگەن. بۇ ئەزىم تۇپراقنىڭ ھەقدار ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئەسىرلەر بويى تارىم دەرياسىنىڭ تىنىقىدىن تىنىق ئېلىپ ئاۋۇغان، كۆپەيگەن ۋە ئۇزۇن تارىخنى بۆگۈنگە ئۇلىغان. خۇددى شائىر پەرھات تۇرسۇن «تارىم دەرياسى» ناملىق شېئىرىدا يازغىنىدەك:

بىز مۇشۇ يەردە باشلانغان،
مۇشۇ يەردە تۈگەيمىز.
بىز ھېچيەردىن كەلمىگەن،
ھېچ يەرگە بارمايمىز.
ئەگەر خۇدا ياراتقان بولسا ئىنسانىنى،
بىزنى خۇدا مۇشۇ يەرگە ياراتقان.
ئەگەر ئادەم ئۆزگەرگەن بولسا مايمۇندىن،
بىز ئۆزگەرگەن مۇشۇ يەرلىك مايمۇندىن.



«زېمىن نەپەسلەنسە بىز نەپەس ئالىمىز، زېمىن نەپەستىن توختىسا بىزمۇ ھالاك بولىمىز» دەيدۇ جىبران خېلىل جىبران. تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر بىر بوستانلىقنىڭ، ھەر بىر توغراقنىڭ، ھەر بىر دەريا-تارامنىڭ ۋە ھەر بىر چەشمە-بۇلاقنىڭ تىنىقى تارىم دەرياسىنىڭ تىنىقى بىلەن نەپەسداش. ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئۇيغۇر تارىخنى باشلىغان قەشقەردىكى ئۇيغۇربۇلاقنىڭ تىنىقىمۇ، تارىم دەرياسىنىڭ تىنىقى بىلەن، شۇنداقلا پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىنىڭ تىنىقى بىلەن تىنىقداش.

ئابدۇۋەلى ئايۇپنىڭ «ئۇيغۇربۇلاق» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمى تارىم ۋادىسىدىكى مىڭلىغان بۇلاقلارنىڭ بىرى بولغان قەشقەردىكى ئۇيغۇربۇلاقتىن باشلىنىدۇ. ئۇيغۇربۇلاقتىن

باشلانغان ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھېكايەتلىرى بۇ ئوقۇشلۇقنى ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر باللىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىنىڭ يىراق ئۆتمۈشىگە، شۇنداقلا ئاشۇ ئۆتمۈشكە كۆمۈلگەن سىر ـ ھېكمەتلەرنىڭ قوينىغا ئېلىپ كېتىدۇ.

ـ 2 ـ

ھېكايە ئىنسانلارنىڭ بايان ۋە ئىپادە ئىقتىدارىدۇر.

ئىنسان ئىنسان بولۇپ تۆرەلگەن كۈندىن بۇيان ئۇلارنىڭ ھېكايىسى بولغان. تىللار ھېكايە سۆزلەش داۋامىدا بېيىغان. ئادەملەرنىڭ تەپەككۇرى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ھېكايە ئارقىلىق بايان قىلىش جەريانىدا تەرەققىي قىلغان.

ئاللاھ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى يارىتىپ زېمىن يۈزىگە چۈشۈرگەن كۈندىن ئېتىبارەن ئىنسانلارنىڭ ھېكايىسى باشلانغان. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھېكايىلىرى يارالمىش ئەپسانىلىرىدىن باشلانغان. «زەبۇر»، «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «قۇرئان» قاتارلىق مۇقەددەس دىنىي دەستۇرلارنىڭ مۇقەددىمىلىرىمۇ ئالەمنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ يارىلىشىدىن باشلىنىدۇ.

دۇنيادىكى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ تارىخى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ كېلىپچىقىش ھېكايىلىرىدىن باشلىنىدۇ. «شەجەرەئىي تۈرك» تە «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنىڭ «ئۇيۇشقاق» لىق سۈپىتىدىن كەلگەنلىكى بايان قىلىنسا، «ئوغۇزنامە» دە «قىپچاق» دېگەن قەبىلە نامىنىڭ «قىسىلچاق» تىن، «قارلۇق» دېگەن نامىنىڭ «قارلىق» تىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. قىرغىزلارنىڭ «ماناس» داستانىدا «قىرغىز» خەلقىنىڭ «قىر» (تاغ) بىلەن «ئەگۈز» (دەريا ـ ئېقىن) سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىخنى ھېكايە ئارقىلىق ئاڭلىتىپ كەلگەن خەلق. ئۇيغۇر تارىخىدىكى غايەت زور ۋەقەلەر، مىللەتنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ھادىسىلەر، چوڭ-چوڭ كۆچلەر تۇرلۇك سەۋەبلەرگە كۆرە يازما خاتىرىگە چۈشمىگىنى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئەس خاتىرىسىدە ھېكايە بولۇپ ساقلانغان. كېيىنكىلەر بۇ ھېكايىلەرنى زاماندىن زامانغا، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇپ، بىر مىللەت تارىخىنىڭ كوللېكتىپ ئاڭدىكى ئەس خاتىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەگەر شۇنداق بولمىسا ئىدى، ئالىپ ئەر تۇڭا ھەققىدىكى داستانىنىڭ پارچىلىرى مەھمۇد كاشغەرىگە ئۇلاشمىغان، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھەققىدىكى ھېكايەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەت-قىسسىلىرىدىن ئورۇن ئالمىغان، ئەرمەن گۈزىلى شىرىنغا ئاشىق بولغان خوتەن شاھزادىسى پەرھاتنىڭ داستانى تارىم بويلىرىدا شۇنچە ئۇزاق زامانلار ئېيتىلمىغان بولاتتى.

تارىخچىلىرىمىز تارىخنى ھېكايىلەشتۈرۈپ يېزىشقا، مەدداھ-ۋائىزلىرىمىز تارىخنى جەڭنامە قىلىپ سۆزلەشكە، مۇقامچىلىرىمىز تارىخنى مۇقام قىلىپ ئېيتىشقا، سازەندىلىرىمىز تارىخنى راۋاپ ۋە ساتارنىڭ تارلىرىدا چېلىشقا، موما-بوۋىلىرىمىز تارىخنى چۆچەك قىلىپ بايان قىلىشقا كۆنۈككەن. ئەگەر شۇنداق بولمىسا ئىدى، «تارىخىي رەشىدى» دىن «تارىخىي ھەمىدى» گىچە بولغان تارىخ كىتابلىرىمىز قويۇق ھېكايە تۈسىدە يېزىلمىغان، ئەرەب تۇپراقلىرىدىن شەرققە ئەسلا ئۆتۈپ باقمىغان ھەزرىتى ئەلى ھېكايەتلىرىمىزدە تۇلپارغا مىنىپ تارىم بويلىرىنى كەزمىگەن، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مىڭلارچە يىللىق كەچمىشلىرى مۇقام بولۇپ ئېيتىلمىغان، «تاشۋاي» بىلەن «نۇزۇگۇم»نىڭ قىسسىلىرى راۋاب تارلىرىدا كۈيلەنمىگەن، «چىن تۆمۈر باتۇر» ھەققىدىكى رىۋايەتلەر موما-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېغىزىدا چۆچەك بولۇپ سۆزلەنمىگەن بولاتتى.

«قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ مەھمۇد كاشغەرى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان قالدۇرغان شۇنچە كۆپ قەدەم ئىزلىرىدىن سان-ساناقسىز

ھېكايەتلەر قالدى. قانچە زامانلار ئۆتۈپ، قانچە پەسىللەر ئالماشتى. قانچە شەھەرلەر خارابىلىققا ئايلىنىپ، قانچە بوستانلىقلار بەرپا بولدى. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ كەچمىشى ۋە ھېكايىسى ئەسلا ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

ئوغۇزخان ئوغۇز سۈتىنى ئېمىپ بۈيۈگەندە، بۆكۈخان دەرەختىن تۇغۇلغاندا، گۆر ئوغلى قاراڭغۇ گۆردە ئانا قارنىدىن چۈشكەندە، باتۇر تەڭرىقۇت مۇقەددەس تۇپراق ئۈچۈن ياۋغا قىلىچ كۆتۈرگەندە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخى ئاللىقاچان ھېكايەتلەرگە ئايلىنىپ بولغان ئىدى.

شۇنداق، ئۇيغۇرلار ھېكايە بولۇپ تۆرەلدى، ھېكايە بولۇپ ياشىدى، ھېكايە بولۇپ ئېيتىلدى، ھېلىھەم ھېكايە بولۇپ ئاڭلىتىلماقتا.

— 3 —

باراقسان دەل-دەرەخلەرنىڭ تۇپراققا كۆمۈلگەن مەھكەم يىلتىزلىرى بولىدۇ. يىلتىزلار تۇپراقلاردىن ئوزۇقلۇق ئېلىپ دەل-دەرەخلەرنىڭ غوللىرىنى مۇستەھكەم ۋە كۈچلۈك قىلىدۇ. دەرەخ غوللىرىدىن شاخلار، شاخلاردىن سانسىز يوپۇرماقلار ئۆسۈپ چىقىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلاردا ئەسىرلەر بويى ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەجدادلىرى قۇرغاق رايون جۇغراپىيەسىگە ماسلاشقان توغراق، يۇلغۇن ۋە يانتاق تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەبىئىتىنى باشقا ھەرقانداق رايوندىكى كىشىلەرگە قارىغاندا ياخشى بىلىدۇ. لوپنۇر كۆلى بويىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز بېلىق تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنى قانداق تەييارلاشنى، قۇمۇشلاردىن ئۆي ۋە ساتما ياساشنى ئوبدان بىلىدۇ. خوتەن رايونىدا ياشاپ

كەلگەن ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى تىبابەتتىكى تۆت تادۇ چۈشەنچىسى بىلەن ئوخشىمىغان مىزاجلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، شۇنداقلا ئىنسان مىزاجى بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەبىئىي تۇيغۇسى بىلەن ھېس قىلالايدۇ.

دېمەك، دۇنيادىكى تۈرلۈك مىللەتلەر ئالدى بىلەن ئۆزىنى تونۇشتىن، ئۆز جۇغراپىيەسىنى بىلىشتىن، ئۆز تارىخىنى سۆزلەشتىن، ئۆز مەدەنىيىتىدە ياشاشتىن ۋە ئۆز تىلىدا تەپەككۇر قىلىشتىن دۇنيانى چۈشىنىپ كەلگەن. تارىملىقلار ئۈچۈن مىڭلارچە يىل ياشايدىغان توغراقلار ئۆسىدىغان پالما دەرەخلىرىدىن ياكى سوغۇق بەلباغلاردا قىش-ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانلاردىن سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ. تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن قوي ۋە قوي گۆشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوزۇقلۇق بىلىملىرى خۇددى فىلىپپىنلىقلارنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى ھەققىدىكى بىلىملىرىدەكلا چوڭقۇر. ئاموزون دەرياسى ھاۋزىسىدىكى خەلقلەر پۈتكۈل ۋادىنى قاپلىغان ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك يېشىللىقىدىن قانچىلىك ھوزۇرلانسا، تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز تۇپراقلىرىدىكى قاقاس تاغلار، سۇررەڭ قۇملار ۋە سۇسىز چۆللەرنىڭ ئىچكىي سۈكۈناتىدىن شۇنچىلىك سۆيۈنىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن ئوخشىمىغان دۆلەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ مائارىپى ئۆزىگە خاس مىللىي تەربىيە سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ سىستېمىدا بالىلارغا ئالدى بىلەن شۇ دۆلەت ۋە خەلقلەرنىڭ ئانا تىل بىلىمى، مىللىي تارىخى، ئەنئەنىۋى ئەخلاق ۋە قىممەت ئۆلچەملىرى، جۇغراپىيەلىك چۈشەنچىلىرى ئۆگىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شېۋىت يازغۇچىسى سېلما لاگېرلۆف كىچىك نىلسنى غاز ئۈستىگە مىندۈرۈپ سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنى ئايلاندۇرغان ۋە شېۋىتسىيەنىڭ جۇغراپىيەلىك مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرغان بولسا، ياپونىيە قونچاق فىلىمى «ئەقىللىق يىشىۋ» دا بىر ياپونلۇق بالىنىڭ كۆزى ئارقىلىق ياپون روھى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيانى چۈشىنىش يولى تەسۋىرلىنىدۇ.

ھالبۇكى، بىز ئېسىمىزنى تاپقاندا، بالىلىق كۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى ۋە دۇنيانى چۈشىنىشكە باشلىغاندا، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز خۇددى سېلىما لاگېرلۆفتەك ئۆز دۆلىتى ۋە خەلقىنىڭ جۇغراپىيەلىك مەدەنىيىتى ھەققىدە ئەسەر يازالمايتتى. تارىخچىلىرىمىز ئۇيغۇر تارىخى توغرۇلۇق كىتاب يازالمايتتى، دەرسلىكلىرىمىز ئارىسىدا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ھەققىدە ھېچقانداق ئوقۇشلۇق يوق ئىدى.

بىزگە تارىم دەرياسىنىڭ قەيەردىن باشلىنىپ قەيەردە ئاخىرلىشىدىغانلىقى، قەشقەر بوستانلىقىنىڭ كۆلىمى ۋە نوپۇسى، تەڭرىتېغىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ۋە داڭلىق چوققىلىرى، قومۇل-تۇرپان ئويمانلىقىدىكى كارىزلارنىڭ رولى، ئېرتىش دەرياسىنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى بىردىنبىر شىمالىي مۇز ئوكيانغا ئېقىپ بارالايدىغان دەريا ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ھېچ بىر جۇغراپىيەلىك بىلىم بېرىلمىگەن ئىدى. بۇنىڭ ئورنىغا بىز خىتايدىكى چاڭجياڭ دەرياسى بىلەن سېرىق دەريانىڭ قانچە ئۆلكىنى كېسىپ ئۆتىدىغانلىقى، سەددىچىن سېپىلىنىڭ قەيەردىن باشلىنىپ قەيەردە ئاخىرلىشىدىغانلىقى، شىخو كۆلىنىڭ گۈزەللىكى ۋە گۈيلىننىڭ تاغ-دەريا مەنزىرىلىرى بايان قىلىنغان دەرسلىكلەرنى ئۆگەنگەن ئىدۇق.

ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە بىر پارچە ماقالە كىرگۈزۈلمىگەن «تارىخ» دەرسلىكلىرىمىز خىتاي تارىخىدىكى نەچچە ئونلىغان يات سۇلالىلەرنىڭ زېرىكىشلىك ھېكايىلىرى بىلەن تولغان ئىدى. بىزنىڭ بالىلىقىمىز ئۆتكەن شۇ يىللاردا بىزنىڭ مەكتەپلەردە ئۆگەنگەن تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى ساۋاتلىرىمىز ئىچىدە مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياكى ئەلىشىر ناۋايىلار يوق ئىدى. غېنى باتۇر ياكى ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە يېزىلغان ھېكايىلەرمۇ يوق ئىدى. بىزنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىمىزدا بىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان كوڭزى، چۈ يۈەن، دۇ فۇ دېگەندەك خىتاي مۇتەپەككۇرلىرى ياكى لىۋ خۇلەن، دوڭ سۇنرۇي، لېي فېڭ دېگەندەك خىتاي كوممۇنىست قەھرىمانلىرىنىڭ

ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان ئىدى.

پۈتكۈل 20 - ئەسىردە موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» (1906)، مۇھەممەدئىمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» (1940) ۋە تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» (1989) قاتارلىق ئۇيغۇر تارىخچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا بېغىشلانغان ئۈچ پارچە تارىخ كىتابىدىن باشقا سىستېمىلىق ئۇيغۇرچە تارىخ يېزىلمىغان ئىدى. تېخىمۇ توغرىسى، يېزىلىشقا ئىمكان بېرىلمىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مىللىي تارىخ يازالمىغان يازغۇچىلىرىمىز تارىخنى ئەدەبىيلەشتۈرۈشكە، تارىخىي رومان قىلىپ بەدىئىيلەشتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. تارىخ يازالمىغان يازغۇچىلىرىمىز ئورخۇن خانلىقى دەۋرىدىن تارتىپ تاكى ئىلى ئىنقىلابىغىچە بولغان ئۇيغۇر تارىخىنى يۈزلىگەن تارىخىي رومانلاردا بەدىئىي يول بىلەن يورۇتۇپ چىققان ئىدى.

قولۇڭلاردىكى بۇ كىتاب تارىخچىلىرىمىز يازالمىغان، يازغۇچىلىرىمىز بەدىئىيلەشتۈرۈپ بايان قىلىشقا مەجبۇر بولغان، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز دەرسخانىلاردا سۆزلىيەلمىگەن ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھېكايىلەشتۈرۈلگەن بىر نۇسخىسىدۇر. دەرۋەقە، سىلەر ئوقۇماقچى بولغان بۇ كىتاب كەسكىن مەنىدىكى تارىخ ئەمەس، بەلكى تارىخنىڭ ھېكايىلەشتۈرۈلگەن كارتىنىسىدۇر. بۇ سىلەرنىڭ كەلگۈسىدە كەسكىن مەنىدىكى ئۇيغۇر تارىخىنى ئوقۇشۇڭلار ئۈچۈن بىر باشلىنىش بولۇپ قالغۇسى.



ئوبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە «مەن تۈرك تارىخىنى ھەممە كىشى بىلسۇن دېگەن مەقسەت بىلەن شۇنداق ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك

بىر تىلدا يازدىمكى، ئۇنى ھەتتا بەش ياشار ئوغلانمۇ ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ،» دەپ يازغان ئىدى. ئىران شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ گىگانت ئەسىرى «شاھنامە» دە «مەن 30 يىل سەرپ قىلىپ پارس تىلىدىكى بۇ ئەسىرىم بىلەن ئىراننى قۇتقۇزۇپ قالدىم،» دەپ يازىدۇ.

تارىخ كۆپ خىل قاناللاردا ۋە خىلمۇخىل شەكىللەردە يېزىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن مىڭلارچە يىللار ئىلگىرى تارىخنى تاش پۈتۈكلەرگە ـ مەڭگۈ تاشلارغا يازغان بولسا، قەدىمكى سۇمېرلىقلار تارىخنى لاي پۈتۈكلەرگە پۈتكەن ئىدى. يۇنان تارىخچىسى ھىرۇدۇت مىلادىدىن ئىلگىرىلا «تارىخ» ناملىق رەسمىي بىر كىتاب يازغان بولسا، ئامېرىكا ئىندىيانلىرى ئۆز تارىخنى توتېم تۈۋرۈكلىگە كودلۇق بەلگىلەر ئارقىلىق ئويغان ئىدى. ئىنگلىز تارىخچىسى ۋېللىس 1922 ـ يىلى «دۇنيا تارىخى» ناملىق ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان بولسا، 20 ـ ئەسىردە نەچچە ئونلىغان تارىخچىلار دۇنيا تارىخى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تارىخنى ھېكايىلەشتۈرۈپ ئاممىباب شەكىلدە يېزىپ چىققان ئىدى.

1991 ـ يىلى نورۋېگىيەلىك يازغۇچى جوستېين گاردېر (Jostein Gaarder) نورۋېگىيەلىك ئۆسمۈر سوفىيەنىڭ ھېكايىسى ئارقىلىق دۇنيا پەلسەپە تارىخنى ھېكايىلەشتۈرۈپ يېزىپ چىقتى. «سوفىيەنىڭ دۇنياسى» دەپ ئاتالغان بۇ كىتاب ھازىرغىچە يۈزلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى، تەخمىنەن 50 مىليون نۇسخا سېتىلدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرىمۇ 2000 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىلا ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

بىزدە مۇكەممەل مەنىدىكى «ئۇيغۇر تارىخى» يېزىلىپ، ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن بىردەك قوبۇل قىلىنغۇچە ئۇيغۇر تارىخنىڭ ھېكايەتلىرى، ھەرقايسى دەۋرلەر بويىچە يېزىلغان خاس ئەسەرلەر، ئاددىيلاشتۇرۇلغان ۋە ئاممىباب شەكىلدىكى كىتابچىلار، شۇنىڭدەك بالىلار تىلى بىلەن بايان قىلىنغان پەننى

ئومۇملاشتۇرۇش كىتابلىرى يېزىلىشى كېرەك. ئابدۇۋەلى ئايۇپنىڭ «ئۇيغۇربۇلاق» ناملىق بۇ كىتابى بىزدىكى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن يېزىلدى، دەپ ئويلايمەن.

-5-

ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئۇيغۇر تارىخىنى ھېكايىلەشتۈرگەن بۇ كىتابچىسىنى يېزىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ۋەتىنىدىن تولىمۇ يىراق بىر يات تۇپراقتا ياشىماقتا ئىدى.

ئۇ ئۇيغۇربۇلاقنىڭ تېۋىشىنى، تارىم دەرياسىنىڭ لۆمشۈپ ئېقىشىنى، تەكلىماكاننىڭ ئىچكى سۈكۈناتىنى ئۆز ۋەتىنىدە ئەمەس، بەلكى يىراقتىكى يات ئەللەردە ھىجران تۇيغۇلىرى بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ ئۇيغۇربۇلاقتىن باشلانغان ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھېكايەتلىرىنى قەشقەردىكى تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ ئەمەس، بەلكى يىراق نورۋېگىيەنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى يامغۇرلۇق شەھەر بېرگېندە - ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ دولقۇنلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان ھىجرەت كۆلبىسىدە ئولتۇرۇپ يازدى.

شەك-شۈبھىسىزكى، ۋەتەندىكى خىياللار بىلەن يات تۇپراقلاردىكى تۇيغۇلار ئوتتۇرىسىدا، تارىخ بىلەن بۈگۈننىڭ ئارىلىقىدا، كەسكىن مەنىدىكى تارىخ بىلەن ھېكايىلەشتۈرۈلگەن ئۆتمۈش ئوتتۇرىسىدا مەلۇم مۇساپىلەر مەۋجۇت. ئابدۇۋەلى ئايۇپنىڭ بۇ كىتابچىدىن باشلىغان مىللىي تارىخ قۇرۇلۇشىدا ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزمەكچى بولغىنى كەسكىن مەنىدىكى ئىلمىي تارىخ سىستېمىسى بولماستىن، بەلكى باللىرىمىزنى ئاشۇ ھەيۋەتلىك تارىخ قەسرىگە باشلاپ كىرمەكچى بولغان گۈزەل فانتازىيەدۇر.

گۈزەل فانتازىيە بولمىسا، گۈزەل تەسەۋۋۇرلار تۇغۇلمايدۇ. بالىلىق خىياللار بولمىسا كەلگۈسىدىكى تېرەن تەپەككۇرلار

قاناتلانمايدۇ. ئابدۇۋەلى ئايۇپنىڭ ئۇيغۇربۇلاقتىن باشلىغان بۇ ھېكايىسى سىزنى ۋە بىزنى شۇنداقلا پەرزەنتلىرىمىزنى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ يىللاردىن بۇيان چەكلەنگەن، توسۇۋېتىلگەن، ئىچ يۈزى كۆرسىتىلمىگەن سىرلىق قەسىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

بۈگۈن مۇھاجىرەتتىكى يازغۇچىلىرىمىز يات تۇپراقلاردا تۇرۇپ يېزىپ چىققان ئۇيغۇر تارىخىنىڭ بۇ ھېكايەتلىرىنى مۇھاجىرەتتە ئۆسۈپ-يېتىلىۋاتقان پەرزەنتلىرىمىز ئوقۇغان بولسا، كەلگۈسىدە - يېقىن كەلگۈسىدە ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرىدا يېزىلغان ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھېكايەتلىرىنى ۋەتەندىكى بىغۇبار باللىرىمىز ئوقۇيدىغان كۈنلەر چوقۇم كېلىدۇ!...



پروفېسسور، دوكتور ئەسەت سۇلايمان
ۋاشىنگتون شەھىرى، ئامېرىكا

# ئۇيغۇر بۇلاق

## بىرىنچى قىسىم

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

# سۇ نەدىن كەلگەن، يول نەگە بارىدۇ؟







كىچىك ۋاقتلىرىمدا ئالدىمىزدا يۇقىرىقى كەنتتىن ئېقىپ كېلىدىغان بىر ئېرىق ۋە بىر ئۆستەڭ بار ئىدى. دائىم چوڭلاردىن بۇ سۇ قەيەردىن كېلىدۇ؟ دەپ سورايتتىم. ئانام قىرىق بۇلاقتىن كېلىدۇ دېسە، چوڭلار يۇقىرىقى تەرەپتىكى ئۆرغۈي بۇلاقتىن كېلىدۇ دەيتتى. سۇنى ئوپىلاتتىن كېلىدۇ دېگۈچلەرمۇ مەھەللىمىزدە خېلى كۆپ ئىدى.

ئىشىك ئالدىمىزدىكى قىش - ياز، كېچە - كۈندۈز شىلدىرلاپ ئاقىدىغان سۇنىڭ بويىدا بۆك باراقسان تېرەكلەر، سۆگەتلەر بار ئىدى. ئېقىنلار كىچىك ئېرىقلارغا ئايرىلىپ باغلار، ئورمانلار، ئېتىزلار ۋە گۈللۈكلەرنى سۇغىراتتى. سۇنى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئېرىق - ئۆستەڭدىن ئوچۇملاپ ئىچىشەتتى. بىز ياز كۈنلىرى قاتتىق نانلارنى يۇقىرى ئېقىندىن قويۇپ بېرىپ تۆۋەندىن سۈزۈپ ئالساق يۇمشاپ قالاتتى.

ئوپىلات تەرەپتىن باشلانغان بىر يول مەھەللىمىزدىن ئۆتەتتى. كىشىلەر بۇ يولنى بازارغا ۋە شەھەرگە بارىدۇ دەيتتى. مەن بازارغا بارغان، ئەمما شەھەر قەيەردە بىلمەيتتىم. بوۋايلاردىن سورايتتىم، بۇ يول شەھەردىن ئۆتۈپ قەيەرگە بارىدۇ؟ ئۇلار

جاۋاب بېرەلمەيتتى ۋە دائىم بويۇك قىسقا سوئاللىك ئۇزۇن بالا ئىكەنسەن دەپ چاخچاق قىلاتتى.

مەھەللىمىزدە ئۆيلەر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېرىق ۋە ئۆستەڭنى بويلاپ مارجاندەك تىزىلغان ئىدى. ماڭا ئۇ چاغدا ئەڭ چوڭقۇر سۇ ئۆستەڭدەك، ئەڭ ئۇزاق يەر ئوپلاتتەك تۇيۇلاتتى.



دادام سۇ نەدىن كەلگەن، يول قەيەرگە بارىدۇ دېگەن سوئالغا باشقىچە جاۋاپ بېرەتتى. ئۇنىڭ جاۋابى ھەر دائىم پەرقلىق ئىدى. ھەممە ئادەم ئوپىلات دېگەننى ئۇ ئوپال ئارت دەپ چۈشەندۈرەتتى. ئۇنىڭچە ئارت دېگەن داۋان ئىكەن. باشقىلار سۇنى ئۇرغۇي بولاقتىن كېلىدۇ دېسە، دادام ئۇيغۇر بولاقتىن كېلىدۇ دەيتتى. كىم ئۇرغۇي بولاق دەپ بولغىچە ئۇ تەرىنى تۇرۇپ تۈزىتىش بېرەتتى.

دادامنىڭ «ئوپال ئارت دېگەن ئوپال داۋان دېگەن گەپ» دېگىنى راست بولسا كېرەك. سۇ كېلىدىغان ئۇ كەنتكە قاراپ ماڭغانچە يول ئېگىزلەپ كېتەتتى. يول ئۇزارغانچە ئادەم داۋانغا ياماشقاندەك ھېرىپ قالاتتى. دادامنىڭ دېيىشىچە ئىشىك



ئالدىمىزدىكى يول بازاردىن ئۆتۈپ شەھەرگە باردىكەن. ئۇ شەھەرنىڭ ئىسمى قەشقەر ئىكەن.

دادام شۇ شەھەرنىڭ ئىسمىنىمۇ پەرقلىق دەيتتى. — قەشقەر ئەمەس ئەسلى قاشگەر، بىزنىڭ خوتەندىن قاش چىقىدۇ. قاش دېگەن ھازىر خەقلەر قاش تېشى دەۋالغان تاش شۇ. قاشنى قەشقەردە ھۈنەرۋەن ئۇستاملار تاراشلاپ چىرايلىق بويۇملارنى ياسايدۇ. بۇنداق ھۈنەرۋەنلەرنى قاشگەر دەيمىز. مىستىن بويۇم ياسىغاننى مىسكەردەيمىز. قىشتىن ھەر خىل شەكىل چىقىرىپ ئۆي سالسا قىشگەر دەيمىز. قاشتىن بىر نەرسە ياسىغاننى ئەلۋەتتە قاشگەر دەيمىز، دە! قاشگەر كېيىن قەشقەر بولۇپ قالغان، دېگەن ئىدى دادام. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئىشىك ئالدىمىزدىكى يول قەشقەردىن ئۆتۈپ چەت ئەلگە بارارمىش. چەت ئەل دېگەندىن قارىغاندا چەت ۋە ئۇزاق بىر ئەل بولسا كېرەك.

ئوپلاتتىكى بۇلاقلارنى باشقىلار قىرىق بۇلاق دېگەن بىلەن ساناپ باقماپتىكەن. شۇڭا دادامنىڭ ئۇيغۇر بۇلاق دېگىنى توغرا بولسا كېرەك. ساناپ باقمىغان ئادەم قانداق بىلىدۇ؟ سانىماي تۇرۇپ نېمىشقا قىرىق بۇلاق دەيدۇ؟ سانىماي قىرىق دېسە بولمايدۇ، دە!

دادامنىڭ دېيىشىچە ئوپلاتتىكى ئانا بۇلاقنىڭ ئىسمى ئۇيغۇر بۇلاق ئىكەن. كىشىلەرنىڭ قىرىق بۇلاق دېگىنى ئۇيغۇر

بۇلاققا قاراپ ئاققان بالا بۇلاقلارنىڭ ئىسمى ئىكەن. ئۇلارنىڭ سانى قىرىقتىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىكەن. ئەتراپتىكى بارلىق بالا بۇلاقلارنىڭ سۈيى ئۇيغۇر بۇلاققا ئۇيۇشۇپ ئاندىن ئاياق تەرەپتىكى بىزنىڭ مەھەللىگە قاراپ ئاقار ئىكەن.

بالا بۇلاقلارنىڭمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ئىسمى بار ئىكەن. ھەممە بۇلاقلار بىر چوڭ ئانا بۇلاققا ئۇيۇشقان بولغاچقا ئۇ ئانا بۇلاققا ئۇيغۇر بۇلاق دەپ ئات قويۇلغان ئىكەن. ئۇيغۇر بۇلاق دېگەن ئۇيۇشقان بۇلاق دېگەن سۆز ئىكەن.

ئانا بۇلاقنى ئۇيغۇر بۇلاق دېمەي ئۇرغۇي بۇلاق دېسە، ئۇيۇشقان بۇلاق ئەمەس، ئۇرۇشقان بۇلاق دېگەن بولۇپ قالىدىكەن. كىچىك ۋاقتىمدا دائىم قىرىق بۇلاققا بارسام، ئۇيغۇر بۇلاق دېگەن ئانا بۇلاقنى بىر كۆرۈپ باقسام، سۇنىڭ بېشىدىن قېيىق ياساپ سالسام، قېيىققا خەت يېزىپ قويسام،



قېيىق قەشقەر دېگەن شەھەرگە ئېقىپ بارسا، سۇغا چىققان بىر بالا قېيىقنى سۈزۈۋالسا، سۈزۈۋالغان بالا مېنى ئىزدەپ مەھەللەمگە كەلسە، بىللە شەھەرگە بېرىپ باقسام، قەشقەردىن ماڭساق، چەتئەل دېگەن چەت ـ ئۇزاق ئەلگە بارساق دەپ ئويغا چۆمەتتىم. ئەگەر قېيىقىم قەشقەردىنمۇ ئۆتۈپ ھېلىقى چەت ئەل دېگەن چەت، ئۇزاق يەرگە كەتسە قانداق تاپارمەن؟ قېيىقنى سۈزۈۋالغان چەتئەللىك بالا مېنى تاپالماي قالسا قانداق قىلارمەن، دەپ ئەنسىرەپمۇ قالاتتىم.

## بىزنىڭ ئىسمىمىز نېمە؟

ياز ئايلىرىدا يامغۇر ياغقان ھامان ئىشىك ئالدىمىزدا سۇ قالمايتتى. كىشىلەر سۇ قاچىتى دېيىشەتتى. تاغدىن كەلگەن كەلكۈن ئېرىق - ئۆستەڭدىكى قاشالارنى بۇزۇپ سۈيىمىزنى باشلاپ قاچارمىش. بۇنداق چاغدا ھەر ئۆيدىكى دادىلار ۋە ئاكىلار كەلكۈن ئۆرۈگەن قىرلارنى ئوڭشاشقا ماڭاتتى. ئۇلار شۇ كەتكەنچە سۇ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن كۆنلەپ غايىپ بولاتتى. مەھەللىدە پەقەت ئانىلار ۋە بالىلارلا قالاتتۇق.



مېنىڭ سۈيىمىز ئېقىپ تۇرىدىغان يامغۇرسىز كۈنلەرگە ئەمەس، قېچىپ كەتكەن يامغۇرلۇق كۈنلەرگە بەكرەك مېھرىم بار ئىدى. يامغۇر ياغقان ھامان سۇ قاچقان ئۆستەڭدە ئويۇن قىزىپ كېتەتتى. شۇڭا يامغۇرنى ياخشى كۆرەتتىم، يامغۇر باشلاپ كەلگەن كەلكۈنگە تېخىمۇ ئامراق ئىدىم. كەلكۈندە سۇسىز قالغان ئۆستەڭنىڭ قىنىدا كۆلچەكلەر ھاسىل بولاتتى. ئاچام بىلەن كۆلچەكلەردىن چوڭ - چوڭ بېلىقلارنى تۇتۇۋالاتتۇق. ئاچام بىر بېلىقنىڭ ئىسمىنى زاغرا بېلىق دېگەن ئىدى. زاغرا يېگەنلىرىم ئېسىمدە، ئەمما زاغرا بېلىق دېگەن ئۇ جانىۋارنى كېيىن قايتا كۆرۈپ باقمىدىم.

سۇ قاچقان كۈنلەردە مەھەللىمىزگە بۆلەكچە جان كىرەتتى. چىلەكلەر تاراڭلاپ، ئەپكەشلەر شاراقلاپ ئەتراپنى ئاياللار ۋە

باللارنىڭ قىقاس - چوقانلىرى قاپلاپ كېتەتتى. ھەممەيلەن ئىچىدىغانغا سائەتلەپ يول يۈرۈپ سۇ توشۇپ كېلەتتى. مەھەللە بويىچە شۇ كۈننى كۈتكەندەك ھەممە باللار ۋە قىز - چوكانلار سىرتقا چىقاتتى. سۇ توشۇيمىز دېگەن باھانە بىلەن سۇ چېچىشىپ ئوينىۋالاتتۇق. ئۆستەڭ قىنىدىكى كۆلچەكلەرگە سۇ قاچقان چاغلاردىلا قانغىچە چۈمۈلەتتۇق. ئادەتتە ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ھەممەيلەن ئىچىدىغان بولغاچقا چۈمۈلۈشكە بولمايتتى.

سۇ قاچقان چاغلاردا توكمۇ تەڭ قاچاتتى. ئانام قەيەرگىدۇ قويۇپ قويغان جىن چىراقنى ياندۇرۇپ تاماققا تۇتۇش قىلاتتى. مەن سىڭلىم بىلەن دادامنىڭ تىزىغا ئولتۇرۇپ ئۇزۇن سوئاللارنى سورايتتۇق. - دادا، ئىشىك ئالدىمىزدىكى سۇ ئۇيغۇر بۇلاقتىن كېلىدۇ، ئۇنداقتا بىز نەدىن كەلگەن؟ بۇلاقلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تاش بۇلاق، قاپاق بۇلاق، ئايغىر بۇلاق، ئايدىڭ بۇلاق دېگەندەك ئايرىم ئىسمى بار، ئەمما بىز ھەممىنى بۇلاق دېسەكلا بولىدۇ. بىزنىڭمۇ ئەھمەت، ئەقىدە، ئەركىن، جەملە دېگەن ئىسىملىرىمىز بار، ئۇنداقتا بىزنىڭمۇ بۇلاق دېگەندەك بىرلا ئىسمىمىز بارمۇ؟ ئىشىك ئالدىمىزدىكى يول شەھەرگە بارىدۇ، شەھەردىن ئۆتۈپچۇ؟ شەھەرنىڭمۇ تۇغۇلغان كۈنى بارمۇ؟ چەت ئەل دېگەن قەيەر؟ ئۇ قانداق ئەل؟

دادام سورىغان سوئاللارغا بەك قىزغىن جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە تېرەك، سۆگەت، قارىغاي، ئارچا، توغراقلارنىڭ ئورتاق ئىسمى دەرەخ بولغاندەك، بىزنىڭمۇ ئورتاق ئىسمىمىز ئۇيغۇر ئىكەن. بىز بىر - بىرىمىزنى ئاشار، ئالماس، گۈلتەن، گۈلگۈن دەپ چاقىرىدىكەنمىز. مىللەتلەرمۇ بىر - بىرىنى گېرمان، پولەك، شېۋىت، رۇس، ھىندى دەپ چاقىرىدىكەن. ئۇلار بىزنى ئۇيغۇر دەيدىكەن. بىزمۇ باشقىلارغا ئورتاق ئىسمىمىزنى «ئۇيغۇر» دەپ تونۇشتۇرىمىزكەن. چۈنكى ھەممەيلەننىڭ ئورتاق بىرلا ئىسمى ئۇيغۇر ئىكەن. «ئۇيغۇر» دېگەن ئۇيۇشقان

دېگەن مەنىدە ئىكەن.

ئۇيغۇر بۇلاقتا يىغىلغان نۇرغۇن بالا بۇلاقلارغا ئوخشاش ئۇيغۇرلارغا ئۇيۇشقان نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىكەن. ئۇلارنى قەبىلە دەيدىكەنمىز. قەبىلە دېگەن بالا بۇلاقلار بىلەن ئوخشاش ئىكەن. ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئۇيغۇرغا ئۇيۇشقان ئىكەن. نەچچە مىڭ يىللار ئىچىدە نۇرغۇن قەبىلە بىزگە ئۇيۇشقان بولغاچقا ئۇيغۇر ئاتالغان ئىكەن. ئۇيغۇرغا ئۇيۇشقان قەبىلە كۆپ ئىكەن. ئۇلارنى قارلۇق، چىگىل، چۈمۈل، ياغما، يابارقۇ، باغداش، باغراش، بۈگۈر، بارىن، ئىتارچى، ئىزگىل، موغۇل، قازاق، ئوغۇز، بايىرقۇ، دولان، ئارغۇ، قىپچاق، قىرغىز، قارامان، ئاقمان دېگەن ئىسىملار بىلەن ئاتايدىكەنمىز. بۇ قەبىلە ئىسىملىرى ھازىر يۇرتىمىزدا بار ئىكەن. بەزى يۇرتلارنى شۇ قەبىلە ئىسمى بىلەن چاقىرىدىكەنمىز.



ئىشىك ئالدىمىزدىكى يول بارىدىغان بازارنىڭ ئىسمى ئوپال ئىكەن. بازاردىن ئۆتۈپ ئۇزۇن يول ماڭغاندا، يول ماڭسىمۇ مول ماڭغاندا بىر شەھەرگە بارغىلى بولىدىكەن. ئۇ شەھەرنىڭ ئىسمى قەشقەر ئىكەن. قەشقەردىن كۈن پاتقان تەرەپكە قاراپ ماڭسا چەت ئەل دېگەن يەرگە بارغىلى بولار ئىكەن. چەت ئەل دەيدىغان يىراق ئەللەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارمۇ بار ئىكەن.

# ئۇيغۇر بۇلاقنى كۆردۈم





9 ياشقا كىرگەن يىلىم ئىدى. بىر كۈنى دادام يالۋۇرۇشۇمغا قوشۇلدى. مېنى ۋېلسىپىتىگە مىندۈرۈپ ئوپال ئارتقا ئېلىپ چىقتى. ئۇ چاغدا دادام قىرىق بۇلاق ئەتراپىدا ئىشلەشكە باشلىغان ئىدى.

ئۇ كۈنى سەھەردە دادامنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ بەكمۇ ئۇزۇن يول يۈردۈق. تاشيول تۈگەپ چىغىر يولمۇ ئاياقلاشقاندا ئالدىمىزدا بىر چەكسىز يېشىللىق كۆرۈندى. ئۇيغۇر بۇلاق دېگىنىمىز گىلەمدەك يېيىلغان بىر يايلاقتا ئىكەن. يايلاقتا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ سوزۇلغان تارام - تارام ئېرىقلار بار ئىكەن. ئېرىقلار ئاۋۋال بىر چوڭ بۇلاققا يىغىلىدىكەن، ئۇ يەردىن بىر ئۆستەڭ ۋە بىر ئېرىق بولۇپ ئاياققا ئاقىدىكەن.

«مانا بۇ ئۇيغۇر بۇلاق!» دېدى دادام ماڭا داۋانىنىڭ

باغرىدىكى بارلىق بۇلاقلارنىڭ سۈيى يىغىلىدىغان ھېلىقى چوڭ بۇلاقنى كۆرسىتىپ. بۇلاق بەكمۇ چوڭ بولۇپ قايناشلىرى بەئەينى نورۇزدا ئاسىدىغان داش قازانغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭدىن ۋاراقلاپ ئۆرلەپ چىقىۋاتقان كۆپۈككە، چاۋا - چاتقاللارنى ئىچىگە يالماۋاتقان قايىنامغا، بۇلاقتىن قىيالماي ئېقىپ كېتىپ بارغان بۇژغۇنلارغا قاراپ تۇرۇش بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى.

دادام،- قارا، مانا بۇ بۇلاقلارنىڭ ئانىسى، ئالىكساندىر ماكىدونىسكى دېگەن پادىشاھ سۈيىنى ئىچەلمەي ئارماندا كەتكەن بۇلاق بۇ. بۇ يەردىكى بۇلاقلارنىڭ ئەڭ سۇلۇقى مۇشۇ. كىشىلەر ئۇرغۇي بۇلاق دېيىشىدۇ، ئۇ خاتا. ئۇنىڭ ئىسمى ئۇرغۇي بۇلاق ئەمەس ئۇيغۇر بۇلاق، دېگەن ئىدى.

دادام دائىم باشقىلار قىلغان گەپلەرنى خاتاغا چىقىرىپ، ماڭا توغرىسىنى دەپ بېرەتتى. ئۇيغۇر بۇلاقنىڭ ھېكايىسى ماڭا ئايدىڭ بولغاچقا ئۇنىڭ ئۇيغۇر بۇلاق دېگىنىگە ھەيران قالمىدىم. ئەمما ئالىكساندىر ماكىدونىسكى دېگەن ئىسىم غەلىتە تۇيۇلدى. بۇ سۆزنى ھەر قانچە دەي دېسەممۇ دېيەلمەي، دادامنى قايتا - قايتا دېگۈزۈپ دوراپ ئاران ئۆگىنىۋالدىم.

شۇ كۈنى دادام بىلەن قانغىچە سۇ چېچىشتۇق، يايلاقتا قوغلىشىپ، يۇمىلاپ ئوينىدۇق. مەن ئاغزىمنى يۇمالماي قالغان ئىدىم. چۈنكى مەن مەھەللىمىزدىن ئۆتىدىغان يول باشلانغان يەرنى، ئۇيغۇر بۇلاققا يىغىلغان بالا بۇلاقلارنى، كەپتەر بۇقۇلدىغاندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان ئۇيغۇر بۇلاقنى كۆرگەن ئىدىم. ئاخىرى ئىشىك ئالدىمىزدا ئاقىدىغان سۇنىڭ باشلانغان يېرىنى كۆرگەن ئىدىم.

## ئۇيغۇر بۇلاقتا خسلەت بار



دادام قايتار يولمىزدا ئۇيغۇر بۇلاقنىڭ ھېكايەسىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇ «ئۇيغۇر بۇلاقتا خسلەت بار» دەپ گەپ باشلىغان ئىدى. مەن شۇ ھامان سوئال سورىغان ئىدىم. «خسلەت دېگەن نېمە؟» دادام خسلەت دېگەن سۆزنىڭ مەناسىنى چۈشەندۈرۈپ قويغان ئىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە شۇ كۈنى دادام ئۇيغۇر بۇلاقنىڭ ھكايىسى ۋە بۇلاقتىكى خسلەتنى مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. «بۇ بۇلاق بولمىسا مەھەللىمىزلا ئەمەس، ئوپالنىڭ يېرىمى قۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ سۇنى ئادەم بىر تويۇپ ئىچىۋالسا بىر كۈن قورساق ئاچمايدۇ، چاڭقىمايدۇ. بۇ سۇدا تاماق ئەتسە، گۆش سالمىسا گۆشىنىڭ، كۆكتات سالمىسا كۆكتاتنىڭ تەمى چىقىدۇ. سەن تۇغۇلمىغان چاغلاردا باشقا يەرلەردە نۇرغۇن ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئەمما مەھەللىمىزدە ئۆلگەنلەر يوق. ئۇيغۇر بۇلاق بەك شىپالىق، ئۇ بولغاچ بىز ساغلام، ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچكەن ئادەم ئەمەس زىرائەتلەرمۇ تۈرلۈك كېسەلدىن خالى. ئۇيغۇر بۇلاق يېنىغا كەلگەنلەرنى تونۇيدۇ، ياخشى ئادەملەر كەلسە بۇلدۇقلاپ كۈلۈپ بېرىدۇ، يامان ئادەملەر بارسا غەزەپتىن دەم تارتىدۇ. ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن ئادەمنىڭ چىرايى نۇرلۇق بولىدۇ. ياشانغانلار ئىچسە ياشىرىدۇ، ياشلار ئىچسە ئەقلگە تولىدۇ. ياخشى نىيەتلىك ئادەم ئۇ بۇلاقتىن بىر ئوچۇم

ئىچسىمۇ ئۇسسۇزلۇقى قانىدۇ، يامان ئادەملەر بۇلاق بويىدا كېچە كۈندۈز قونۇپ سۇ ئىچسىمۇ يەنە ئۇسسۇزلۇقى قانمايدۇ. سەن كۆرگەن ئۇيغۇر بۇلاقنى قەدىمدە كىشىلەر ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى دېيىشكەن. قوش مۈڭگۈزلۈك ئالىكساندىر ماكدونسكى بۇندىن ئىككى مىڭ يىللار بۇرۇن مۇشۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى بىر ئىچسەم ئۆلمەيمەن، بۇلاقنى تارتىۋالىمەن، دەپ يۇرتىمىزغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان...» دېگەندەك ئۇزۇن گەپلەرنى قىلغان ئىدى، دادام.

دادامنىڭ ئۇيغۇر بۇلاقنىڭ خىسلەتلىرى ھەققىدە شۇ كۈنى يەنە نېمە دېگەنلىكى ئېسىمدە يوق. پەقەت ئۇ خىسلەت دېگەن سۆزنى يېشىپ «ھەمما ئادەمدە بىر خىسلەت بولىدۇ، سەندىلا بولغان، باشقىلاردا بولمىغان كۈچ، ھەرىكەت، ئەقىل، پەم، ئالاھىدىلىك دېگەننى بىز خىسلەت دەيمىز» دېگەن ئىدى. «ئۇيغۇر بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن ئادام ئۆلمەيدۇ» دېگەندە ئۇيغۇر بۇلاقنىڭ باشقا بۇلاقلاردا بولمىغان بىر ئالاھىدىلىكنى سۆزلەنگەن ئىكەن. بۇ ئالاھىدىلىكنى خىسلەت دەيدىكەنمىز.

شۇ كۈنى دادامنىڭ ئوپال ئارت دېگەنلىك ئۇپال داۋان دېگەن بولىدۇ، دېگىنىگە قايىل بولغان ئىدىم. ئوپىلات تەرەپ ھەقىقەتەنمۇ داۋاندەك ئېگىز ئىكەن. چىقاردا دادام ۋېلسىپىتنى ھەيدەپ ھېرىپ كەتتى. كۆينەكلەر تەردىن بەدەنگە چاپلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما چۈشەردە بىز ئۆستەڭگە يۇقىرىدىن قويۇپ بەرگەن قەغەز قېيىقتەك تۆۋەنگە راۋان ئاققان ئىدۇق.

مېنىڭ شۇ كۈنى يول بويى دادامدىن دەم تارتقان زادى قانداق بولىدۇ، بۇلاق دەم تارتسا نېمە بولىدۇ، مۈڭگۈزلۈك ئادەم ئۇيغۇر بۇلاق تارتىپ ئالغانمۇ دېگەن سوئاللارنى سوراپ نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىغىنىم ئېسىمدە. دادام دەم تارتىدىغان دىۋە، ئالۋاستى، ئەجدىھالارنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ بەرگەن ئىدى.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئوپال ئارت دېگەن بىر تاغ بار ئىمىش، شۇ تاغدا بىر غار بار ئىمىش. غارنىڭ ئىچىدە بىر گۈزەل كۆل بار ئىكەن، شۇ كۆلدە بىر ئەجدەرھا بار ئىمىش. بۇ ئەجدىھا ئۇيغۇر بۇلاقچا يىراقتىن قاراپ ساقلاپ ياتارمىش. ئۇيغۇر بۇلاقنىڭ تەكتىدە بىر ئالتۇن كان بار ئىمىش. كىم بۇلاقنىڭ ئاستىدىكى ئالتۇننى ئالماقچى بولسا دەم تارتىپ يەپ كېتەرمىش.

## بىز قانداق ئۇيغۇر بولغان

ئۇيغۇر بۇلاقنى كۆرگەن كۆڭلى دادامدىن يول بويى سورىغان. بىز قەيەردىن كەلگەن، قانداق ئۇيغۇر بولغان، قايسى تارماقلار بىلەن ئۇيۇشۇپ ئۇيغۇر بولغان؟ دېگەن ئىدىم. قاپاق بۇلاق، ئايدىڭ بۇلاق، ئايغىر بۇلاق، تاش بۇلاقلار يىغىلىپتۇ. ئۇلار بىر ئانا بۇلاقچا ئۇيۇشۇپ ئۇيغۇر بۇلاق بوپتۇ. ئۇنداقتا بىز ئۇيغۇرلار قانداق تارماق ئۇيغۇرلاردىن ئۇيۇشۇپ بىر ئۇيغۇر ئاتالغان؟ ئانا ئۇيغۇر قەيەردە ئىدى؟ بالا ئۇيغۇرلار قەيەرلەردىن كەلگەن، ئىسمى نېمە ئىدى، ئۇلار ئانا ئۇيغۇر ئەتراپىغا قانداق ئۇيۇشقان؟ شۇ بالا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرى ھازىرمۇ بارمۇ؟



دادام جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېگەن ئىدى. ئۇيغۇر بولۇش ئېرىقلارنىڭ ئۆستەڭ بولغىنىغا، ئۆستەڭلەرنىڭ دەريا بولغىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇيغۇر بولۇشنى يەنە ئانىڭ يۇغۇرغان

خېمرغا ئوخشاتساڭمۇ بولدۇ. خېمرغا سۇ، ئۇن، تۇز، سۈت، ھەسەل، ياغ يۇغۇرۇلغاننى كۆردۈڭغۇ! بزگمۇ نۇرغۇن خۇرۇچلار يۇغۇرۇلغان. ئۇيغۇرغا ئۇيۇشقان خۇرۇچلار، تارماقلار تۆت ئەتراپنڭ ھەممە يېردن بار. بەزلەر يېقن جايدن، بەزلەر يراق ماكاندن كەلگەن. بز خۇددى توقاچ ناندەك تەكلماكان دېگەن مۇشۇ تونۇردن چققان. ئۇيغۇر بۇلاقتەك مۇشۇ يەردن ئوخچغان، ئۇيغۇر بۇلاقنڭ بويدكى توغراقتەك مۇشۇ يەردن ئۈنگەن. تۇنجى ئۇيغۇر خۇددى كۆكتن تامغان يامغۇردەك، يەردن ئۈنگەن يۇلغۇندەك مۇشۇ توپراققا يارالغان. تاش كتابلاردا شۇڭا: «بز كۆكتن تامغان، يەردن ئۈنگەن» دېگەن سۆز بار. بزدە شۇڭا ئۇيغۇر بلەن ئاتالغان دەريالار، بۇلاقلار، چۆللەر ۋە يەرلەر بار.

دادامنڭ دېيشچە ئاقسۇدا غورۇچۆل دەپ خاتا ئاتالغان بر يەر بار ئكەن. ئەسلى بۇ يەرنڭ ئسمى ئۇيغۇر چۆل ئكەن. ھازرقى تەكلماكان دېگەن چۆلنڭ بۇرۇنقى ئسمى ئۇيغۇر چۆل ئكەن. قومۇلنڭ بۇرۇنقى ئسمى ئۇيغۇر غول بولۇپ بەزى كشلەر ئۇ يەرنى ئۇيغۇرغول دېيەلمەي ئۇۋرغول، دەپ ئاتايدكەن. كشلەرنڭ ئوپلاتتكى ئۇيغۇر بۇلاقنى ئۇرغۆي بۇلاق دېيشمۇ شۇنداق بر خاتالق ئكەن. تارم دەرياسنڭ ئسمى ئەسلى قەدمدە ئۇيغۇرداش دەپ ئاتالغان ئكەن.

دادام ئۇيغۇر بۇلاقنى چۈشەندۈرگەندە ئالكساندر ماكدونسكى دېگەن گەپنى، قوش مۈڭگۈزلۈك غەلتە ئادەمنڭ كملكنى، يۇرتنى تازا چۈشنەلمگەن ئدم. ئۇنڭ ئسمى نېمە ئۈچۈن بزگە ئوخشمايدۇ؟ ئۇ غەلتە ئسملك ئادەم زادى كم؟ قەيەردن كەلگەن؟ بزنڭ ئۇيغۇر بۇلاقنى قانداق بلگەن؟ بۇ سوئاللارنى سوراپ دادامنڭ تزنغا ياماشتم.

## دىۋان دەپ بىر كىتاپ بار ئىكەن



دادامنىڭ ئېيتىشىچە مەن سورىغان سوئاللارنىڭ جاۋابى دىۋان دېگەن كىتابتا بار ئىكەن. بۇ قانداق كىتابتۇ دېسەم، ئەسلى بۇرۇن كىشىلەر كىتابنى ھەر خىل ئىسىم بىلەن ئاتاپتىكەن. خۇددى بولاقلارغا ھەر خىل ئىسىم قويغاندەك. شۇنداق كىتابلاردىن بىرىنىڭ ئىسمى دىۋان ئىكەن. ئۇنى تولۇق ئاتىغاندا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەيدىكەنمىز. دادام ئالكساندىر ماكدونىسكى، ئۇيغۇر، قەشقەر دېگەن گەپلەرنىڭ ئەسلىنى شۇ دىۋاندىن ئوقۇپ بىلگەن ئىكەن.





بۇندىن مىڭ يىل بۇرۇن مەھمۇد دېگەن كىشى شۇ دىۋاننى يازغان ئىكەن. ئۇ كىشى قەشقەردە ياشىغان بولغاچقا مەھمۇد قەشقەرى دەپ ئاتايدىكەنمىز. ئۇ دىۋاندا ھازىر ئادەملەر خاتا دەۋاتقان گەپلەرنىڭ توغرىسى بار ئىكەن. بۈگۈنكى ئادەملەر مەنىسىنى بىلمەيدىغان سۆزلەرنى شۇ دىۋاندىن تاپىدىكەنمىز. ھازىرقى بىز ئۇنتۇپ قالغان تۇتۇق مەنالار شۇ دىۋاندا ئوچۇق بار ئىكەن. دىۋاندا بىز كۆرۈۋاتقان تاغلار، دەريالار، كۆللەر، چۆللەر، ئۆستەڭلەر، ئېرىقلار، ئېدىرلار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر،

ھاشارەتلەر ھەققىدە بىلىملەر ئۇچرايدىكەن. دىۋانغا يەنە تارىخلار، چۆچەكلەر، ناخشىلار، تېپىشماقلار ۋە مەسەللەر تولغان ئىكەن. دىۋاننى ئاتا ـ ئانا، ئۇششاق ـ چوڭلار، ئالىملار، باتۇرلار، خانلار، دېھقانلار ئوقۇشقا ئامراق ئىكەن. ئىشقىلىپ كىم مەنا ئىزدىسە دىۋاندىن تاپىدىكەن، كىمگە مەنبە كېرەك بولسا شۇ دىۋاندىن ئاختۇرىدىكەن.



«دىۋان» دا بۇرۇن ئۇيغۇر دەپ يېزىلغان لېكىن ھازىر ئۇنتۇلۇپ قالغان، ئۆزگىرىپ كەتكەن نۇرغۇن يۇرتلارنىڭ ئەسلى نامى، مەناسى بار ئىمىش. دىۋاندا يەنە چىرايلىق ھېكمەت، ھېكايە، قوشاق ۋە چاقچاقلار بار ئىكەن. دادام تۈزىتىش بېرىدىغان ئۇيغۇر، ئوغۇز، ئوپال، ئارت دېگەن سۆزلەر دىۋاندا بارمىش. ئۇ كىتابنى يازغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەبرىسى ئۆيىمىزنىڭ كەينىدە، تاغدا ئىكەن.

دىۋان دېگەن ئۇ كىتابتا ئالكساندىر ماكېدونىسكى كەلگەن يەر، قىلغان جەڭ، سالغان شەھەر يېزىلغان ئىكەن. ئۇيغۇر دېگەن ئىسىمنى دۇنياغا يايغان كىشىمۇ شۇ ئالكساندىر ئىكەن. ئۇ كىشى ئۇرۇش قىلىپ يېڭىلىپ باقمىغان ئىكەن. ئەمما ئۇيغۇرلار ئۇنى ماھارەت بىلەن ئۇرۇشمايلا، قان تۆكمەيلا يېڭىۋاپتۇ. شۇڭا ئۇ ئۇيغۇر دېگەن ئىسىمغا قايىل بولۇپ قالغان ئىكەن.

«دىۋان» دېگەن كىتابتا ئالكساندىر ماكېدونىسكى دېگەن ئادەمنىڭ ھېكايىسى بار ئىكەن. ئۇنى كېيىن كىشىلەر قوش مۈڭگۈزلۈك ئادەم دېگەن ئىكەن. بۇ ئادەم تارىختا بۈگۈنكى

ماكدونىيە دېگەن ئەلدىن ئۇيغۇر دېگەن ئەلگە كەلگەن ئىكەن. ئۇ ئۇيغۇر بۇلاقنىڭ شىپالىق سۈيىنى ئىچىپ مەڭگۈ ياشاش ئۈچۈن بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇنىڭ مىللىتى ياۋرۇپادا ياشايدىكەن، ئىسمى ماكدون ئىكەن. ئۇنىڭ تىلى ماكدونچە بولغاچقا ئىسمىنى شۇ تىلدا ئالكساندىر دەيدىكەن. بۇ ئىسىم ياۋرۇپادا كۆپ قويۇلغان بىر ئىسىم ئىكەن.

ئۇ چاغدا ماڭا مەھمۇد قەشقەرى دېگەن گەپ بەكمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلغان ئىدى. مەھەللىمىزدە ئەخمەت سوپۇن، سەمەت گۇگۇت، ھوشۇر تاغچى دېگەندەك لەقەملىك ئادەملەر بار ئىدى، ئەمما مەھمۇد قەشقەر دەپ بىرى يوق ئىدى. ھېچ كىمنىڭ ئىسمىغا بىر شەھەر قوشۇلمايتتى. شۇ سەۋەبلىك ماڭا بىر ئادەمنىڭ مەھمۇد قەشقەرى دەپ چاقىرىلىشى بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلغان ئىدى.



مەن ئانام بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەبرىسىگە كۆپ بارغان ئىدىم. قېرى - ياش، ئەر - ئايال نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ قەبرىگە دۇئا قىلغان ئىدى. مومامنىڭ قەبرىسى ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. مەھمۇت قەشقەرىگە يىراق يەرلەردىن ئاتلىق، ھارۋىلىق ۋە ماشىنىلىق كېلىپ دۇئا قىلغان كىشىلەر مومامنىڭ قەبرىسىگە قاراپمۇ قويمىغان ئىدى. قارىغاندا نۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب چىقىدىغان كىتاب يازغان ئادەمنى كىشىلەر بەكرەك ياخشى كۆرسە كېرەك.

شۇ كۈنى كەچتە دىۋاننىڭ ئىسمى دادامنىڭ تىلىدىن چۈشمىدى. دادامدىن نېمە سورىساق دىۋاندا بار دېگەن ئىدى.

هېلىقى تاش كىتابتا يەنە نېمە بارلىقىنى سوراپ تۇرۇۋالدىم. چۈنكى ماڭا تاش كىتاب دېگەن سۆز بەكمۇ قىزىق تۇيۇلغان ئىدى. دادام ئۇنىمۇ دىۋاندا بار دەيدۇ. سىڭلىم «دىۋان» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ بەر دەپ تۇرۇۋالدى. ئانام، ئۈچ ئاكام، ئاچام ۋە سىڭلىمۇ قوشۇلۇپ يالۋۇرۇشتى. دادام ئەتراپىغا چۆچۈرىدەك تىزىلغان بىزگە قاراپ جىن چىراقنى پەرلەپ قويدى. ئاندىن: «سىلەرگە ئاۋۋال دىۋاندىن قوش مۈڭگۈزلۈك ئادەمنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇپ بېرەي، ئۇيغۇرنى چۈشەندۈرۈپ قوياي، تاش كىتابنى سۆزلەپ بېرەي» دەپ گەپ باشلىدى.



## قوش مۈڭگۈزلۈك ئادەم



بۇندىن 2300 يىللار بۇرۇن بالقان يېرىم ئارىلى دېگەن يەردە بىر دۆلەت بولغان ئىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ ئىسمى ماكىدونىيە ئىكەن. بۇ ئەلدىكى شاھنىڭ ئالكساندىر ماكىدونسكى دەپ بىر ئوغلى بار ئىكەن.

ئالكساندىر مەكتەپكە كىرگەندە ئۇستازى ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ مەركىزى ماكىدونىيە دەپتۇ. ئۇ دۇنيانىڭ مەركىزى بولغان بۇ ئەلنىڭ چوقۇم تۆت تەرەپتە تۆت ئۇچى بارمىكىن دەپ ئويلاپتۇ. ئالكساندىر ماكىدونىيەدىن باشلانغان دۇنيانىڭ تۆت ئۇچىنى سوراپتۇ. ئۇستازى دەپ بېرەلمەپتۇ. شۇڭا ئۇ دۇنيانىڭ تۆت ئۇچى ۋە زادى قانچىلىك چوڭلۇقىنى ئۆزى ئايلىنىپ كۆرمەكچى بوپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ يەنە ئۇستازىدىن ئۆلۈمنىڭ سىرىنى سوراپتۇ. ئۇستازى بۇنىڭغا تېخىمۇ جاۋاب بېرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈمنىڭ سىرى ۋە دۇنيانىڭ تۆت ئۇچى ئۇنى بەكمۇ

قىزىقتۇرۇپتۇ. ئۇ شۇنداق قىلىپ ئۆلمەسلىككە دورا تاپماقچى ۋە دۇنيانىڭ تۆت تەرەپتىكى چېكىنى ياكى ئۇچىنى كۆرمەكچى بوپتۇ.

ئالىكساندىر 10 ياش ۋاقتىدا ئىتالىيەنىڭ رىم دېگەن شەھرىگە بارغان ئىكەن. ئۇ رىمدا بىر ئۇيغۇر دارۋاز دار باغلىغان دارنى كۆرۈپتۇ. ئۇيغۇر دارۋازنىڭ دارىدىكى خەتەرلىك ھەرىكىتى ئۇنى تاڭ قالدۇرۇپتۇ. دارۋازنى ئۇيغۇر دېگەن ئەلدىن دەپ ئاڭلاپ دۇنيانىڭ بىر ئۇچى ئۇيغۇر بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ.



ئۇ ئۇيغۇر دارۋاز ئېيتقان داستاندىن ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى ئۇيغۇر بۇلاقتا دەپ ئاڭلاپتۇ. شۇئان ئالىكساندىر ئۆلمەسلىك، دورا، ئۇيغۇربۇلاق دېگەن سۆزلەرنى يادلاپ ھاياجانغا تولۇپتۇ. دارۋازنىڭ ئېيتىشىچە ئۇيغۇر دېگەن ئەلنىڭ ئوپال دېگەن يېرىدە بىر شىپالىق بۇلاق بار ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى نۇرغۇن كېسەلگە داۋا ئىكەن. ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن كىشى ئۆلمەي مەڭگۈ ياش تۇرىدىكەن.

ئالكساندىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇيغۇر دېگەن ئەلنى چۈشەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ دۇنيانى قولغا كىرگۈزۈش، زېمىنىنىڭ تۆت ئۇچىنى كۆرۈش، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى تېپىش ئۈچۈن يىراققا ھۇجۇم قىلماقچى بوپتۇ.



— ئۇيغۇر دېگەن بۇ سۆزنى ئالكساندىر ماكىدونىسكى تارىختا يازدۇرغان. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەرەبلەر ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دەيدۇ. بۇ قوش مۈڭگۈزلۈك ئالكساندىر دېگەن گەپ. بىزدىمۇ ئالكساندىرنىڭ مۈڭگۈزى بار دېگەن رىۋايەتلەر بار. ئۇيغۇر دېگەن نام مۇشۇ كىشىنىڭ ئاغزىدىن دۇنياغا تونۇلغان. ئۇيغۇر دېگەن سۆزنى ئالكساندىر تارىخچىلارغا 2300 يىل بۇرۇن يازدۇرغان، دېدى دادام. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوپال، ئۇيغۇربۇلاق، دۇنيانىڭ تۆت ئۇچى، مەڭگۈ ياشاش دېگەن گەپلەر بارغانچە قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ باراتتى. ئۆي ئىچىدە جىمجىت ئىدى، پەقەت چىراقنى ئايلىنىپ ئۇچۇۋاتقان پەرۋانىلەرنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى.

## ئالكساندىر ۋە ئارغۇماق



ئالكساندىر دۇنيانى قولغا كىرگۈزۈشنى ئويلاپتۇ، ئەمما قانداق قولغا كىرگۈزۈشنى بىلمەي غەمگە چۆكۈپتۇ. يىراقلارغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ئات بولمىسا بولمايدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ يۇرتىدا دۇنيانىڭ تۆت تەرەپتىكى ئۇچىغا يېتىپ بارالايدىغان يۈگرۈك ئاتلار يوق ئىكەن.

ئالكساندىر ئۇيان ئويلاپ، بۇيان سوراپ، كۆپ سۈرۈشتە قىپتۇ. ئاخىرى تەڭرىتاغ دېگەن ئۇزاق قارلىق تاغلارنىڭ ئەتراپىدا ئاجايىپ كۈچلۈك، چىداملىق ۋە چېچەن ئاتلار بار دەپ ئاڭلاپتۇ. ئۇ ئاتلارنى ئۇيغۇرلار كۆندۈرگەن ۋە ئاۋۇتۇپ كۆپەيتكەن ئىكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تەڭرىتاغ بويىدا ياشايدىغان كىشىلەر



دۇنيادا ئاتنى ئەڭ بۇرۇن كۆندۈرۈپ باققان ئىكەن. ئۇيغۇرلار دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن ئىگەرنى ياساپ چىققان، ئىشتان كىيگەن، ئۆتۈك تىككەن مىللەت ئىكەن. ئۇلار ئاتقا ئامراق ئىكەن. ئاتنى قانات دەيدىكەن، ئاتقا مىنسىلا ئۇچۇۋدىكەن. شۇ چاغدا ئۇيغۇرلاردىكى ئارغۇماق دېگەن ئات ھەممە بازاردا تالاشتا قالغان ئاتلاردىن ئىكەن.

ئۇيغۇرلاردا ئارغۇماق ئاتلار بولغاچقا ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر دۇنيانى ئۇچقاندەك كېزىپ يۈرۈيدىكەن. ئۇلاردا ئات قوشۇلغان ئىگىز چاقلىق ھارۋىلار تىزىلىپ بىر كارۋان بولار ئىكەن. بۇنداق كارۋانلار شەرقتە خىتاينىڭ چاڭئەندىن يولغا چىقىپ غەربتە بۈگۈنكى ئىتالىيەنىڭ رىمغا بارار ئىكەن. بۇ كارۋان ماڭغان يولنى ئۇ چاغدا كىشىلەر كارۋان يولى دەپتىكەن. بۇ يولدا ئېگىز ھارۋا بىلەن توشۇلغان يىپەك رەختلەر داڭلىق بولغاچقا يىپەك يولى دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىكەن. ئۇيغۇرلار بۇنداق ئېگىز ھارۋىلارنى قاڭقا دەپ ئاتاپتىكەن.

ئۇيغۇرلار يىپەك يولىدا دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭىغا كارۋانلارنى يولغا سالىدىكەن. ئۇلار يەنە سارايلارنى قۇرۇپ سودىگەرلەرنى كۈتۈۋالىدىكەن. ئۇيغۇرلار مەخسۇس سودىگەرلەر چۈشۈپ ئۆتۈدىغان يەرلەرنى لەڭگەر دەپ ئاتىغان ئىكەن. لەڭگەرلەرگە سالغان قونالغۇنى ساراي دەيدىكەن. سارايلارنى ئاچىدىغان كىشىلەرنى سارايۋەن دەپ ئاتايدىكەن. شۇڭا بۈگۈنكى ئۇيغۇرلاردا لەڭگەر، ساراي دېگەن ئىسىم ھەممە ۋىلايەتتە بار ئىكەن.

ئۇيغۇرلار ئارغۇماق دەپ ئاتالغان يۈگۈرۈك ئاتلىق قوشۇنى

بلەن دۇنيادا كۆچلۆك ئكەن. ئۇيغۇرلار يەنە ئارغۇماقلارغا منگەن كارۋانلار بلەن دۇنيادا باي ئكەن. ئۇيغۇر قوشۇنى ئارغۇماق ئاتلار قوشۇلغان ئېگز چاقلىق جەڭ هارۋىلىرى بلەن ئۇرۇشلاردا دائم ئۆستۆن بولىدكەن. ئۇيغۇرلار ئېگز چاقلق هارۋا ياساشقا ئۇستا بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنى تارىختا قانقللار، يەنى قانقالىقلار دەپ ئاتاپتكەن. بۇ ئېگز چالىق هارۋىلىقلار دېگەن بولىدكەن. ختايلار ئۇيغۇرلار ياسغان ئېگز چاقلق هارۋانى ئېگز چاق دەپ ئاتاپتكەن. شۇڭا ئۇلار ئۇيغۇرلار تۇرپاندا قۇرغان بر دۆلەتنى ئېگز چاقلقلار دۆلتى دەپ ئاتغان ئكەن. بۇ ئېگز چاقلارنى هازىرمۇ تاپقلى بولىدكەن.

ئالكساندر ئاۋۋال يېقن ئەللەرگە هۇجۇم باشلاپ رىمنى ئاپتۇ. ئۇ رمدا ئۇيغۇر تجارەتچلەر ئاچقان بازارلارغا، سارايلارغا كرىپتۇ، ئۇيغۇرچە مالار تزلغان رەستلەرنى ئارلاپتۇ. ئۇ ئەسكەرلرنى قورالاندۇرۇش ئۆچۈن ئالتايدا تاۋلانغان تۆمۆر، تۇرپاندا ياسالغان ئېگز چاقلق هارۋا يەنى قانقا، قەشقەردە قۇيۇلغان توپ، خوتەندە توقۇلغان ساۋۇت ۋە ئلدا تكلگەن كۆن ئۆتۆكلەرنى سېتپ ئاپتۇ. بولۇپمۇ ئۇ خوتەندن چققان ئەتلەسلەردن كۆزنى ئۆزەلمەي قالغان ئكەن.



ئالكساندر رم شەهرىدە ئۇيغۇرلار ئاچقان ئات بازرىنى كۆرۆپتۇ. بازاردا ئۇيغۇر دۆلتدن كەلگەن ئاتلار كۆپ ئكەن.

ئۇ ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئارغۇماقلارنى مىنىپ بېقىپتۇ. ئۇ ئارغۇماقلارنى سىلاپ تۇرۇپ ئويلاپ قاپتۇ. ئەگەر مۇشۇ ئارغۇماقلار مېنىڭ بولسا ئۇزاق ئەللەرنى بىر قانچە كۈندە بېسىۋالسام، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنىمۇ ئىچسەم، دۇنيانى ئالماق ئاسان بولمامدۇ؟

ئالىكساندىر شۇلارنى ئويلاپ ئۇيغۇرغا بۇرۇنىراق ھۇجۇم قىلىشنى ئويلاپتۇ. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇچقۇر ئاتلىق قوشۇنى، ئۇيغۇر قوشۇنىدىكى قېچىر سۆرەيدىغان توپلار ۋە قانقا ئاتلىق جەڭ ھارۋىلىرىدىن قورقۇپ ئىككىلىنىپ قاپتۇ. ئەمما ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلمەسلىك دورىسى، ئارغۇماق، توپ ۋە گۈزەل ئەتلەسلەر ئۇنى ئۇرۇشقا ئۈندەپتۇ.



ئالىكساندىر رىمنى ئالغاندىن كېيىن ئاۋۋال پۈتۈن ياۋروپانى، ئاندىن دېڭىز ئاتلاپ مىسىرغا قوشۇپ ئافرىقانىڭ شىمالىنى بېسىۋاپتۇ. ئۇزاققا قالماي بۈگۈنكى تۈركىيەنى بېسىۋاپتۇ. 329 ـ يىلىغا كەلگەندە ئالىكساندىر بۈگۈنكى ئىراق، ئىران ۋە ئافغانىستانلارنى بېسىۋاپتۇ. شۇ يىلى ئۇ 140 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەر ئۇرۇش قىلىپ كەپتۇ.

## ئۇيغۇر قۇل بولمايدۇ





ئالكساندىر يىراققا يۈرۈش باشلىغان چاغلاردا ئۇيغۇرلارغا شۇ ئىسىملىك بىر كىشى خاقان ئىكەن. ئوردا قەشقەردە بولۇپ، خان ئۇ چاغدا يوق ئىكەن. ئۇ قارا كۆل بويىدا ئاققۇلارغا قاراپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئالكساندىر ئەۋەتكەن ئەلچى رۇخسەت سورىمايلا خاقانغا يېقىن كەپتۇ.

شۇ خاقانىڭ ياساۋۇلى ئەلچىنى توسۇپ قولىدىن مەكتۇپنى ئېلىپ ئوقۇپتۇ. مەكتۇپنىڭ يېرىمى تۈگىمەي خانىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپتۇ. خەت ئوقۇلۇپ بولغاندا خان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىپتۇ .

ئالكساندىرنىڭ ئەلچىسى ئېلىپ كەلگەن مەكتۇپتا تەلەپلەر يولسىز ئىكەن. ئالكساندىر ئۇيغۇر بۇلاقنى بىرىشىنى، ئۇيغۇر بۇلاقنىڭ بويىغا ئالكساندىرغا بىر قورغان قۇرۇشنى تەلەپ

قىپتۇ. ئۇ يەنە خانغا؛ ئون مىڭ ئۇيغۇرنى تۆمۈرچى قۇل، ئون مىڭ ئۇيغۇر قىزنى ئەتلەسچى دېدەك، ئون مىڭ مالچى ئۇيغۇرنى ئاتباقار قۇل، ئون مىڭ باتۇر ئۇيغۇرنى ئەسكەر قۇل سۈپىتىدە سوۋغات قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خاندىن 40 مىڭ قېچىرلىق توپ ۋە قىرىق مىڭ تۆگىدە ئەتلەس، كۆن ۋە ئىگەر ـ جابدۇق سوراپتۇ. ئەگەر يۇقىرىقى تەلەپلەرگە قوشۇلمىسا ھۇجۇم قىلىمىز دەپتۇ.

ئۇ چاغدا شۇ خاقانىنىڭ ئەسكەرلىرى مەشىقتە ئىكەن. بىر بۇيرۇق بىلەن ھەممىيلەن خان ئالدىغا تەق بوپتۇ. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى يەتكۈزۈلگەندە سەپتە تۇرغان ئەسكەر ۋە قوماندانلارمۇ غەزەپتىن قىلىچلارنى قىندىن چىقىرىپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.



شۇ خان تەمكىنلىك بىلەن ئەلچىگە ئەسكەر ۋە قوماندانلارنىڭ ئالدىدا شۇنداق دەپتۇ: «بىزنىڭ ئەجدادلاردىن قالغان تاش كىتابىمىز بار. ئۇنىڭدا بوۋىلار تەڭلىك، ئەركىنلىك، قانۇن، ئەل ۋە ئىنسانلىق مۇقەددەستۇر دېگەن. بۇنداق دېگىنىمىز بىز بۇ بەش نەرسە ئۈستىدە مۇرەسسە قىلمايمىز، سوۋغاتلاشمايمىز ۋە سودىلاشمايمىز. تەڭرى ئىنسانغا تەڭ ـ باراۋەر ھوقۇق

بەرگەن، شۇڭا ئۇنى تەڭرى دەيمىز. بىزدە تەڭرى دېگەنلىك تەڭلىكنى ياراتقۇچى ۋە تەڭسىزلىكنى تۈگەتكۈچى دېگەن سۆز. بىزدە ئەر دېگەن سۆز ئەسلى ئىنسان دېگەنلىك بولىدۇ. ئەرك دېگەن سۆز ئەردىن كەلگەن بولۇپ، ئىنسانلىقنىڭ بەلگىسى. ئەرك بولمىغان، ھۆرلۈك بولمىغان يەردە ئەرلىك بولمايدۇ، ئەركىن بولمىغان ئىنسان ئىنسان ئاتالمايدۇ. بىز ھۆر يارالدۇق، ھۆرلۈكتە ياشايمىز. بىز دۇنياغا تاراپ مال ساتىمىز، ئەمما ئەل ساتمايمىز. چۈنكى ئەل دېگەنلىك تىلىمىزدا دۆلەت، مىللەت، ۋەتەن دېگەن مەنىدە. بىز تىلىمىزدىن چىققاننى تىلخەت دەيمىز، كېڭەشتىن چىققاننى قانۇن دەيمىز، شۇڭا تىلىمىزنى كەسسەڭمۇ تىلخەتتىن، قېنىمىزنى ئىچسەڭمۇ قانۇندىن ۋاز كەچمەيمىز. بىز ھۈنەرنى، تاۋارنى، مالنى سوۋغات قىلىمىز، ئەمما باشقىلارغا ئىنسان يوللاپ سوۋغاتلاشمايمىز. بىز ئۈچۈن بۆشۈكتىكى بوۋاقتىن تارتىپ قەبرىدىكى ئۆلۈككىچە ئوخشاش قىممەتلىك. بىزگە ئىنساننىڭ جېنى، تېنى، ئېتىقادى، مال ۋە نومۇسى چېقىلغۇسىز مۇقەددەس. سەن مەندىن قىرىق مىڭ ئۇيغۇر قول تەلەپ قىپسەن. ئۇيغۇر تىرىككلا بولسا ئەردۇر، ئەركىندۇر، ھۆردۇر، ھەرگىز قول بولمايدۇ. بىز ھەممىمىز سامادىن تەڭرىتاغقا ساقىغان يۇلتۇزلارمىز. بىز تارىمغا ياغقان يامغۇر، تەكلىماكانغا ئۈنگەن يۇلغۇنلارمىز. بىز بۇ يەرنىڭ؛ ئاسماننىڭ، سۇنىڭ ۋە ھاۋانىڭ ئىگىسى، ئەمما ھېچ كىم بىزنىڭ ئىگىمىز ئەمەس. بىز ھەق سۆزگە باش ئىگىمىز، ئۆتكۈر قىلىچقا ئەمەس. بېشىمىزنى قىلىچ بىلەن ئەگمەكچى بولساڭ قىلىچ بىلەن جاۋاب بېرىمىز».

ئالېكساندىرنىڭ ئەلچىسى بۇ گەپلەرنى تىلماچتىن ئاڭلاپ چىرايى سارغىيىپ كېتىپتۇ. شۇخان ئەلچىنى مېھمان قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئاندىن بارلىق ئەسكەر ۋە قوماندانلارغا ئاڭلاتقان جاۋابنى پۈتۈكچىگە يازدۇرۇپتۇ. كاتىپ مەكتۇپنى ئەلچىگە سۇنۇپتۇ. ياساۋۇللار ئەلچىنى ئارغۇماققا مىنگۈزۈپ سوۋغا - سالاملار بىلەن يولغا ساپتۇ.

# قىرىق ئەسكەرگە بىر قازۋن





ئۇيغۇر خاقانى شۇدىن يۇقىرىقى كەسكىن جاۋابنى ئالغان ئالكساندىر غەزەپكە تولۇپتۇ. ئۇ ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق قىلىپ ھۇجۇمغا ئاتلىنىپتۇ. ئۇنىڭ قوماندانلىرى قوشۇننى ئۇيغۇر خاقانى تۇرۇۋاتقان يەرگە باشلاپ كەپتۇ. چاڭ - توزاڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن، كىشنىگەن، پۇرقىغان ئاۋازى بارغانچە كۈچىيىپتۇ. ئۇلارغا ئۇيغۇر قوشۇنى تولۇق كۆرۈنۈپتۇ.

شۇخان تۆت مىڭ ئەسكىرىنى ئالكساندىرنىڭ 140 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا قارشى سەپكە تىزىپتۇ. ئالكساندىرنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇزاقتا تۇرغان شۇنچە ئاز ئۇيغۇر قوشۇنىغا قاراپ ھەيران بولۇپتۇ. بەزى ئەسكەرلەر ئۇيغۇرلارنى مەسخىرە قىلىشىپتۇ. ئەمما ئۇيغۇر خان يەنىلا قارا كۆلدە ئاققۇلارغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇيغۇر قوماندالارمۇ ئۇرۇشقا بۇيرۇق بەرمەپتۇ. ئالكساندىرنىڭ قوماندانلىرى بۇنى كۆرۈپ كۆرەڭلەپتۇ. ئۇلار قىلىچ قالقانلارنى شاراقلىتىپ، ئۇيغۇر قوشۇنىغا بىزدىن قورقتۇڭلار! دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ يېقىنلاپ كەپتۇ.

ئالكساندىر قوشۇنى ئۇيغۇر قوشۇنىغا يۈز مېتىر قالغاندا

توختاپتۇ. چوقان ـ سۈرەندىن قارا كۆلدىكى ئاققۇلار ئۈركۈپ، ئاق بۇلۇتلاردەك ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇيغۇر خان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپتۇ. بۇ بىر بەلگە ئىكەن. بۇنى كۆتۈپ تۇرغان قازۋىن ئىسىملىك بىر قىز ئەسكەر قوشۇندىن ئاتنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ ئالكساندىر قوشۇنىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ.

قازۋىن ھېچ قورۇقماستىن ئالكساندىرنىڭ بارگاھىغا يېقىنلاپ كەپتۇ. ئالكساندىرنىڭ ئەلچىسى ئۇنى ئالكساندىرنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ. قازۋىن ئالكساندىرغا تىك قاراپ: ئەگەر قىرىق ئەسكىرىڭ بىلەن ئوقيا ئېتىشتا مېنى يېڭەلىسەڭ بىز ئۇيغۇر قوشۇنى يېڭىلگەن بولايلى، ئەگەر قىرىق ئەسكىرىڭ ئوقيا ئېتىشتا مەندىن يېڭىلسە سەن ئۇلارنى باشلاپ كەلگەن يېرىڭگە قايت! دەپتۇ.

ئالكساندىر 140 مىڭ كىشىلىك قوشۇندىن قورقمىغان بۇ قىز ئەسكەردىن چۆچۈپتۇ. ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ھەسەت قىپتۇ. ئەمما قىزغا قايىل بولماي تۇرالماپتۇ. ئەمما شۇنداق تۇرسىمۇ چاندۇرماي قىزنى كۆرمىگەن بولۇۋاپتۇ. ئۇ كاتىپتىن ئۇيغۇر خاقانى شۇغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ مۇنداق دەپتۇ: سەن ئۇيغۇردىن بىر ئەر تاپالماي بىزگە بىر دېدەكنى ئەۋەتتىڭمۇ؟ دەپ مەسخىرە قىپتۇ.



ئۇيغۇر خانى شۇ ئالكساندىرنىڭ مەكتۇبىنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا يازغان جاۋابنى ئوقيا بىلەن ئېتىشقا

بۇيرۇپتۇ. ئالكساندىرنىڭ كاتىپى ئوقىيا بىلەن ئېتىلغان خەتنى ئالكساندىرغا ئوقۇپ بېرىپتۇ. خەتتە ئۇيغۇر خان ئالكساندىرغا: ئېست سېنىڭ ئارىستوتىلغا ئوقۇغۇچى بولغان تۇرۇپ شۇ سۆزنى دېگىنىڭگە. سەن قىز ـ ئاياللارنى دېدەك دەپ بىلسەڭ، بىزدە ئاياللار خان بىلىپ خانىم دەيمىز، ئۇلارنى زۇلمەتنى يورۇتقۇچى ئاي، سۆيۈلگۈچى ۋە ئايالغۇچى مەنىسىدە ئايال دەيمىز. شۇڭا بىزدە قىز دېگەن سۆز قىس ـ قىممەتلىك دېگەن سۆزدىن كەلگەن، بىز ئۈچۈن قىزلار ئەتىۋارلىقلار دېگەن سۆز. بىز قىز ـ ئاياللارنى گۈل دەيمىز، چېكىمىزگە قىسىمىز. تاجاۋۇزچى ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە بىزدە ئوغۇل ـ قىز، ئەسكەر ـ پۇقرا دەپ ئايرىش يوق. ئۆزىمىزنى قوغداشقا كەلگەندە ھەر بىر ئۇيغۇر بىر ئەسكەر. بىز ئارمىيەنى قوشۇن دەيمىز، بۇ دۈشمەنگە قارشى سەپكە قوشۇلغانلار دېگەن سۆز. بىزدە ھەر بىر ئۇيغۇر ئەركىنلىك ئۈچۈن سەپكە قوشۇلغان بىر ئەسكەر، ھەر بىر ئۇيغۇر تاجاۋۇزغا قارشى بىر قوشۇن، دەپ يازغان ئىكەن.



ئالكساندىر خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن جاۋابقا باشقا سۆز تاپالماپتۇ. نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇرۇش قىلىپ سىنالغان ئەسكەرلەرگە ئىشىنىپتۇ. شۇ خان ئەۋەتكەن بۇ قىزنى يېڭىپ ئەسىر ئېلىشنى خىيال قىپتۇ. شۇڭا ئاخىرى قازۋىن قويغان تەلەپكە قوشۇلۇپتۇ.

## ئۇلار ئۇيغۇرلاردۇر





قازۋن ئاۋۋال مەيدانغا چۈشۈپ قىلىچ ئوينىتىپتۇ. مەيداندا يا تارتىپ ماھارەت كۆرسىتىپتۇ. ئۇ كىيگەن قالپاقنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئۇ ئوقنى يەردە تۇرۇپ قانداق يىراققا ئاتسا، ئاتقا مىنىپ تۇرۇپمۇ شۇنداق ئۇزاققا ئاتالايدىكەن. ئۇ ئات چاپتۇرۇپ تۇرۇپ كېلىپ ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئاتىدىكەن.

قازۋن بىلەن ئالكساندىرنىڭ ئەسكەرلىرى مۇسابىقە قىلىشقا باشلاپتۇ. قىز بىلەن بەيگىدە بەسلەشكەن بىر قانچە ئەسكەر كەينى - كەينىدىن يېڭىلىپتۇ. بىر قانچە ئەسكەر ئوقيادا بەسلىشىپتۇ، ئەمما ھېچ بىر مەرگەن ئۇتالماپتۇ. بەسلەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى ھېرىپ يانى تارتالماي بىر - بىرلەپ مەيداندىن چېكىنىپتۇ.

ئالكساندىر بىر بىرلەپ يېڭىلىۋاتقان ئەسكەرلەرگە قاراپ ئاچچىقلاپتۇ، باتۇر قىز قازۋننىغا زوقى كەپتۇ. ئۇ يېڭىلگەن ئەسكەرلەرنى كۆزىتىپ ئۇرۇش قىلىشتىن ۋاز كېچىپتۇ. ئۇ ئۇچقۇر ئاتقا مىنىپ يولۋاستەك تاشلىنىدىغان قازۋندەك ئەسكەرلەردىن،

مۇشۇنداق ئەسكەرلەر بار قوشۇندىن قورقۇپتۇ. ئوقيانى ھارماي تارتىدىغان ۋە بىر ئوقنىمۇ زايا قىلماي تەگكۈزىدىغان بۇنداق ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى يېڭىشكە ئۇنىڭ ئەمدى كۆزى يەتمەپتۇ. ئۇ ئۇرۇشلاردا ھازىرغىچە يېڭىلمىگەن ئىكەن. ئۇنىڭ قوشۇنىمۇ يېڭىلمەس دەپ دۇنياغا تونۇلغان ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇيغۇر قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ «يېڭىلدى!» دېگەن ئاتقا قالغۇسى كەلمەپتۇ، ھەمدە ئەلچى ئەۋەتىپ ياراشماقنى ئىلتىماس قىپتۇ.



شۇ خانمۇ ئۇرۇشنى خالىمايدىكەن، ياراشقىلى تەييار ئىكەن. ئالكساندر ئاق بايراق چىقىرىپ جەڭ مەيداندىن چېكىنگەندە شۇ خانمۇ ئەسكەرلەرنى باشلاپ قايتىپتۇ. ئالكساندر بارگاھقا قايتقاندىن كېيىن تارىخچىلارغا: «دۇنيا بىلسۇنكى ئۇلار ئۇيغۇرلاردۇر، ئۇلار ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئاتىدۇ. ئۇلار ھېچكىمگە بېقىنماي مۇستەقىل ياشايدۇ، ئۆزىنىڭ ئۇزۇقىنى ئۆزى تاپىدۇ، بۇلارغا ئۇچرىغان ئوۋ ئامان قالمايدۇ، بۇلارغا چېقىلغان دۈشمەن يېڭىلىدۇ. ئۇيغۇرلار باشقىلارغا موھتاج بولمايدۇ، باشقىلارنىمۇ موھتاج قىلمايدۇ. ئۇلار تەڭلىكنى تەڭرىدەك ئۇلۇغلايدۇ، شۇڭا يا باشقىلارنى قۇل

قىلمايدۇ، ياكى باشقىلارغا قۇل بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ، ئەركىسىز ياشاشتىن قورقىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرنى ئۇرۇشتا يەڭگىلى، ئەسىر ئالغىلى بولمايدۇ. دۇنيا مەندىن ئىبرەت ئالسۇن. ئۇيغۇرغا چېقىلىپ زىيان تارتمىسۇن. مەن دۇنيادا ھېچ بىر قوشۇن بىلەن ياراشمىغان. تارىخمدا تۇنجى ياراشقىنىم ئۇيغۇرلار بولۇپ قالسۇن» دەپ يازدۇرۇپ قويۇپتۇ.

## ياراشقاندىن كېيىن




شۇخان ئالكساندىرنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى خان كېلىشىپ قالدىغان بولۇپتۇ. قايتا ئۇرۇش بولمايدىغان بوپتۇ. ئۇلار تەڭرىتاغنىڭ قۇيرۇقىغا جايلاشقان ئالتۇن قان دېگەن يەردە سۆھبەتكە ئولتۇرۇپتۇ. سۆھبەتتىن كېيىن سوۋغات ئالماشتۇرۇش بولۇپتۇ. ئۇيغۇرخان ئالكساندىردىن يۇنانچە كىتابلاردىن باشقا چارۋا ۋە ئالتۇنلارنى رەت قىپتۇ. ئالكساندىر ھەدىيە قىلغان قۇللارنى شۇ يەردىلا ئازات قىپتۇ. ئۇ ئالكساندىردىن پەقەت ئۇيغۇرغا سەنئەتكار، ھۈنەرۋەن ۋە ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىپتۇ. خان يەنە ئارخىمت، دېموكرىت، پىفاگور، سوقرات، پىلاتۇن، ئارىستوتىلنىڭ ئەسەرلىرىنى يۇناندىن ئەكەلدۈرمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئالكساندىردىن گىرىكچەدىن بۇ ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرۈيدىغان تەرجىمان ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئۇ يەنە ئالكساندىردىن يۇنانچە

ھەيكەل ياساشنى ۋە رەسىم سىزىشنى ياخشى بىلىدىغان رەسسام ۋە ھەيكەلتىراش ئەۋەتىشنى سوراپتۇ.

شۇخان ئالكساندىر بىلەن ياراشقاندىن كېيىن ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلەرنى مېھمان سۈپىتىدە ماكىدونىيەگە ئەۋەتىشكە ماقۇل بولۇپتۇ. ئالكساندىرغا ئات، ئېگەر، ئەتلەس، گىلەم، قورال ـ ياراق، توپ، ئوق ـ دورا ۋە قانچىلىغان ھەدىيە قىلىشقا ماقۇل بوپتۇ. ئالكساندىرنىڭ كېسەل ئەسكەرلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن خوتەندىكى داڭلىق تېۋىپ غازبايىنى ئەۋەتىشكە قوشۇلۇپتۇ.



خان ئالكساندىرنى كۆپ مېھمان قىپتۇ، مېھمان بولۇپ ئۇيغۇر بۇلاققا بېرىشقا قوشۇلۇپتۇ. ئەمما ھەر قانچە تەلەپ قىلسىمۇ ئۇنىڭ قوراللىق قوشۇن بىلەن ئۇيغۇر بۇلاققا ۋە زېمىنىغا كىرىشىگە يول قويماپتۇ. تاش كىتابتا يېزىلىشىچە قوراللىق يات قوشۇننىڭ ئۇيغۇر تۇپراقلىرىغا كىرىشىگە بولمايدىكەن. ئەگەر يات قوشۇن كىرمەكچى بولسا بېشى بارلار باش ئېگىپ، تىزى بارلار تىزلىنىپ كىرىشى كېرەك ئىكەن. ئالكساندىر سەۋەبىنى سورىغان ئىكەن، خان: ئۇيغۇر بۇلاققا قوراللىق يات قوشۇن يېقىنلاشسا سۈيى قانغا ئايلىنىدۇ، بۇلاققا ئاقچا ۋە قىلىچنىڭ سايىسى چۈشسە سۇ زەھەرگە ئايلىنىپ ئاقىدۇ، دەپتۇ.

ئالكساندىر قوشۇن بىلەن ئۇيغۇر بۇلاققا يېقىن كېلەلمەپتۇ. قوشۇنسىز كىرەي دېسە بۇرۇن ئۆلتۈرگەن ئادەملەرتۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلارمۇ، ئۆچ ئالارمۇ، دەپ قورقۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇيغۇر بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچەلمەي نائىلاج يولنى ئۆزگەرتىپ

ھىندىستانغا يول ئاپتۇ. ئۇ يۈرۈش قىلىپ ھىندىستانغا بېرىپتۇ ۋە شۇ يەردە كېسەل بىلەن ئۆلۈپتۇ، ئەمما ھەر زامان ئاغزىدىن ئۈيغۇر بولاق دېگەن سۆزنى چۈشۈرمەپتۇ.




## تارىختىن قايتىپ كەلدۇق

دادام، ــ تارىختىن قايتىپ كەلدۇق، دەپ كىتابنى ياپتى. ئاندىن بېشىنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ تامغا يۆلەندى. ئۇ كىتابنى قويۇپ ھېكايە باشلىغاندا دائىم شۇنداق قىلاتتى.

ــ ئالكساندىر ماكىدونىسكىنى بىز ئىسكەندەر دەيمىز بالام. گەرچە ئۇ بوسۇغىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ بىزگە كىتاب، ھۈنەر ۋە سەنئەت ئېلىپ كەلگەن. شۇڭا مەھمۇد بوۋىمىز مىڭ يىل بۇرۇن يازغان دىۋانىدا ئۇنى يامان كۆرمىگەن، ئۇ قۇرغان شەھەرلەرنى بىرمۇبىر تىزىپ چىققان. بوۋىمىز نەۋايى بەش يۈز يىل بۇرۇن ئۇنىڭغا ئاتاپ: «سەددى ئىسكەندەر» دەپ بىر داستان يازغان. چۈنكى ئالكساندىر پەننى، سەنئەتنى

ياخشى كۆرەتتى. ئۇ دۇنيادىكى تۇنجى ئۇستاز ئارىستوتىلنىڭ شاگىرتى ئىدى.



— ئالېكساندىر ئەينى چاغدا ئارىستوتىلنىڭ ئىزى بىلەن ماڭغان ۋە سەنئەت، بىلىم ۋە ئادالەتنى جاھانغا يايغان ئىدى. ئۇنىڭدا ئەخلاق، ھەققانىيەت ۋە ئەقىلنى قوغلاشقان روھ بار ئىدى.تۇنجى ئۇستاز ئارىستوتىلنىڭ ئىزىدىن ماڭغان، دۇنيادا ئىككىنچى ئۇستاز ئاتالغان فارابىي دېگەن بىزنىڭ بوۋىمىز بولىدۇ. ئۇمۇ ئارىستوتىلنى قەدىرلىگەن. فارابىي ئارىستوتىلنىڭ كىتابىدىكى بىلىمنى، ئۆزى ياراتقان مۇزىكا ۋە مۇقامنى بىزگە مىراس قىلغان. ئۇ مۇزىكا ھەققىدە ئەسەر يازغان. قالۇن دېگەن سازنى ئىجات قىلغان. مەن سىلەرگە فارابىينىڭ ھېكايىسىنى ئايرىم سۆزلەپ بېرىمەن، دەپ بېشىنى قاشلاپ قويغان ئىدى دادام. ئۇنىڭ چاچسىز بېشىنى كىشىلەر ئايدىڭ باش دەيتتى. مەھمۇد قەشقەرىنى دادام ھەممىنى بىلىدۇ، دېگەن ئىدى. ئۇ ئادەممۇ دادامدەك ئايدىڭ باش بولغىدى بەلكىم. ئايدىڭ باش دادامدىن يەنە سورىدىم.



— دادا، تاش كىتاب قانداق كىتاب؟ ئۇنىڭدا يەنە نېمە يېزىلغان؟ كېيىنكى ئۇيغۇر خانلارمۇ تاش كىتابقا ئەگەشكەنمۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى داڭلىق خانى ئالىپ ئەرتوڭا ئىكەن، ئوغۇزخان دېگەن شۇمۇ ياكى بۇ سەن دېگەن شۇخان شۇمۇ؟ ئالېكساندىر بىزگە ئەۋەتكەن كىتابلار، ئۇستازلار، ئالىملار قانداق بولغان؟ دادام بىرنى ئۇھ تارتتى. ئاندىن:



— ئۇيغۇرلار بۇتقا ئىشەنگەندىن كېيىن ھەممە نەرسە يېڭىلانغان. ئالىپ ئەرتوڭا، تاش كىتاب، ئالكساندىر ئەۋەتكەن كىتابلار ئۇنتۇلغان، قومغا كۆمۈلگەن شەھەرلەرگە مەدەنىيەتمۇ كۆمۈلگەن. ئۇيغۇرلار يېڭىدىن يازغان نۇرغۇن كىتابلارمۇ كۆمۈلۈپ كەتكەن.



— تاش كىتابتا ساقلانغان سىرلار بىر - ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن يېشىلمەيدۇ. كىتابقا يېزىلغان ۋەسىيەت، ھېكمەتلەر ۋە تۈگۈنلەر سەن قويغان سوئاللار بىلەن يېشىلمەيدۇ. بۇ ئۇزۇن ھېكايە. تاش كىتابنىڭ مەزمۇنى، ئۇيغۇر خانلاردىن ۋە قەھرىمانلاردىن قالغان ھېكايىلەر بەزىدە ئېيتىلىپ، بەزىدە ئۆزگىرىپ، يەنە بەزىدە ئۇنتۇلۇپ كەلگەن.



— شۇخان ئالىپ ئەرتوڭا بولماسلىقى مۇمكىن، ئۇ ئوغۇزخانمۇ ئەمەس. شۇخانى كېيىن كىشىلەر چوقان دېيىشكەن. بۇندىن 130 يىللار بۇرۇنقى قەشقەرگە چوقان ۋەلىخانوف ئىسىملىك بىر قازاق تەۋەككۈلچى كەلگەن. ئۇ شۇخاندىن قالغان ھېكايە ۋە رىۋايەتلەرنى، شۇخاندىن قالغان ئۇيغۇر ئەۋلادلارنى ئىزدەپ كەلگەن. چۈنكى ئۇنىڭ چوقان دېگەن ئىسمىمۇ بىزنىڭ قەدىمكى خانىمىز شۇ دېگەن خاقاننىڭ ئىسمىدىن كەلگەن ئىكەن.

- ئەپسۇس بالام، چوقان ئۇ چاغدا قەشقەردىن شۇخانى ۋە تاش كىتابنى بىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى ئىزدەپ تاپالمىغان.

چۇقان كەلگەندە بىز ئۇيغۇرلار قەدىمكى خانىمىزنى ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر دېگەن نامىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئىكەنمىز. مەھەللىمىزدە كىشىلەر ئۇيغۇر بۇلاق دېيەلمەي ئۇرغۇي بۇلاق دەيدىغۇ! ھە، ئۇيغۇرنى ئۇنۇتسا شۇنداق خاتا دەيدىغان بولىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئېيتىشىچە، شۇقاننىڭ بارىسخان دەپ ئوغلى بولغان ئىكەن. بۈگۈنكى قىرغىزىستاندا چۇ دەپ بىر دەريا بار، بۇ سۆزمۇ شۇ خاننىڭ ئىسمىدىن كەلگەن بولۇپ كېيىنچە چۇ بولۇپ ئۆزگەرگەن ئىكەن، دادام شۇنداق دەپ جىمىپ كەتكەن ئىدى.



دادام بىر ھازا خىيالغا كەتكەندىن كېيىن، «ئەمدى ئۇخلاڭلار!» دەپ چىراقنى ئۆچۈرگەن ئىدى. ئۇ كۈنى دادامغا ھەر قانچە يالۋۇرساقمۇ، غەلۋە قىلساقمۇ ھېكايە ئېيتىشقا ئۇنىمىغان ئىدى. ماڭا چۇقان، ئىسكەندەر، ئەپلاتون، پىفاگور، ئارىستوتىل، تاش كىتاب دېگەن گەپلەر تولىمۇ قىزىق تۇيۇلغان ئىدى. تاش كىتاب قانداق كىتابتۇ؟ تاشتىنمۇ كىتاب بولامدۇ؟ تاشقىمۇ كىتاب يازغىلى بولامدىغاندۇ، ئۇنىڭدا نېمىلەر يېزىلغان بولغىيدى؟ تاش كىتاب نېمىشقا تاشلىنىپ كەتكەندۇ؟ قۇمغا كۆمۈلگەن شەھەرلەر



دېگەن نېمە گەپتۇ؟ شەھەرلەرنى نېمشقا قۇم باسقان؟ كۆمۈلمەي ساق قالغانلارچۇ؟ نېمە ئۈچۈن كۆمۈلمەي قېچشقا ئامال قلمغان؟ بۇتقا چوقۇنۇش دېگەن نېمە؟ ئەجدادلار بۇتقا چوقۇنۇشنى قەيەردن ئۆگەنگەن؟

دادامنڭ خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن بولسام ئۇيقۇسز. تاش كتابنڭ، ئەپلاتوننڭ، ئارستوتلنڭ سرنى ئاچالماي تۇرسام قۇمغا كۆمۈلگەن شەھەلەر چقتى. ئويلاپ - ئويلاپ يېتپ ئەتە كەچنڭ پاتراق بولۇشنى ئارمان قلپ ئۇخلاپ قالدم.

## ئەلنى بۆلگەن بەش ئوغۇل



— بۈگۈن بەش بارماقتەك بەش ئوغۇلنىڭ ھېكايىسىنى باشلايلى، دېدى دادام. ھەممەيلەن بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق. بىز تۆت ئوغۇل ئىدۇق. دادام ئۇ كۈنى دىۋان دېگەن كىتابنى قولىغا ئالمىدى. ئۇ ھەممەيلەنگە تەكشى بىر قاراپ قويۇپ سىڭلىمنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ھېكايە سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بۇندىن كېيىنكى ھېكايە تاش كىتابلارنى ئۇنۇتقان ئۇيغۇرلار، شۇخاننىڭ بۆلۈنگەن ئەۋلادلىرى، ئەجدادلار بۇتقا ئىشەنگەندىكى سەۋەب، بۇت باسقان ئەل، بۇتپەرەس خانلار، بۇتقا چوقۇنغان ئالىملار، بۇت باسقان ئوردا - سارايلار ھەمدە قۇم باسقان شەھەر ھەققىدە ئىكەن.





— ئالكساندىر ماكدونىسكى بىلەن خاقان شۇ ياراشقاندىن كېيىن ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ تەلىيى كەپتۇ، دەپ گەپ باشلىدى دادام. ئۇلار رۇم، ئالكساندىرىيە، سپارتا، ئافىنا قاتارلىق شەھەرلەردە تېخىمۇ كۆپلەپتۇ. ئاسىيانىڭ غەربى، كىندىكى ۋە شىمالىدا ئۇيغۇر كارۋانلىرى بۇرۇنقىدىنمۇ ئەركىن كېزىپ يۈرۈيدىغان بوپتۇ.

بۇ يىللاردا ئۇيغۇرلار باي بوپتۇ. ئۇيغۇر دۆلىتى تېخىمۇ

كۆچىپتۇ. يۇناندىن ئۇستىلار كېلىپ سارايلارنى ساپتۇ. ئۇيغۇرلار ئېلىدە يېڭىدىن بەش شەھەر بىنا قىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىسمىنى يېڭى بالىق، جانبالىق، سۇلمى، قوچۇ ۋە بەشبالىق قويۇپتۇ. خان بەشبالىقنى يازلىق پايەخت، قوچۇنى قىشلىق پايتەخت قىپتۇ. ئادەتتە بىرىنى يازلاق، يەنە بىرىنى قىشلاق دەيدىكەن.

ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ خاقان شۇ ئۆلۈپ ئورنىغا بارسخان ئولتۇرۇپتۇ. بارسخان دېگەن يولۋاس خان دېگەنلىك بولىدىكەن. ئۇ قېرىغاندا ئورنىغا ئوغلى خاقان مۇ ئولتۇرۇپتۇ. كىشىلەر شۇ خاننى چۇقان دېگەندەك خاقان مۇنى مۇقان دەپ ئاتاپتۇ. مۇقان زامانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ رىم بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپتۇ. ياۋرۇپا ئۇرۇش بىلەن قالايمىقان بولۇپ كېتىپتۇ.

مۇقاننىڭ تۇرپان، ئوتۇن، ئۆتۈكەن، ئابرال ۋە تۈمەن دېگەن بەش ئوغلى بار ئىكەن. مۇقان ئۆلگەندە ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى يەنە بىرىگە قەشقەردىكى تەختنى بەرگىسى كەلمەپتۇ. ھەممە ئوغۇل ئورداكەنت دەپ ئاتالغان قەشقەرنى ئالسام، خان بولسام دەيدىكەن.



چۈنكى تەخت قەشقەردە ئىكەن. شۇڭا قەشقەرنى پايتەخت دەيدىكەن. خانلار ھەر قانچە كۆپ يەرنى باشقۇرغان بىلەن پايتەختتە تۇرمىسا خان سانالمايدىكەن.

ئوتۇن ئەڭ ئاۋۋال قەشقەرنى تاشلاپ يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىغا كېتىپتۇ. ئۇ يەردە بىر شەھەر قۇرۇپتۇ. بۇ شەھەرنى

ئۆزىنىڭ نامىدا ئوتۇن دەپ ئاتاپتۇ. بۇ شەھەر كېيىن ئودۇن، ئوتەن ۋە خوتەن بولۇپ قاپتۇ. مەھمۇد قەشقەرى دىۋان دېگەن كىتابىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىغا بىر ھ قوشۇلۇپ قالىدۇ دېگەن ئىكەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئەرەبچە ئىسىملاردىن ئابىتنى ھاۋىت، ئۆمەرنى ھۆمەر، ئوشۇرنى ھوشۇر، ئاشىرنى ھاشىر دەيدىكەن. شۇ سەۋەبتىن شاھزادە ئوتۇنىنىڭ ئىسمى ئاۋۋال ئودۇن بولۇپ كېيىنچە ئوتەن ۋە ھوتەن بولۇپ، ئاخىرىدا خوتەن دەپ ئۆزگەرگەن ئىكەن.

تۇرپانمۇ مۇرتۇق دېگەن دەريانىڭ بويىغا بېرىپتۇ. كىشىلەرنى يىغىپ بىر شەھەر قۇرۇپتۇ. ئۆزىنى خان دەپ ئاتاپتۇ. شەھەر بارغانچە ئاۋات بولۇپ ئادەملەر كۆپلەپتۇ. ئەمما مۇرتۇقتا سۇ ئاز ئىكەن. دەريادىن يىراق جايلاردا ياشايدىغان ئادەملەرگە سۇ يەتمەيدىكەن. تۇرپان دەريا سۈيى بارالمايدىغان ئېتىزلارغا يەر ئاستىدىن سۇ باشلاپ چىقىپتۇ. يەر ئاستىدىن سۇ باشلايدىغان ئېرىقنى كارىز دەيدىكەن.



كىشىلەر دەريا سۈيى يەتمىگەن يەرلەرنى كارىز سۈيى بىلەن سۇغىرىپتۇ. كارىزنىڭ ئىچى يازدا مۇزدەك سوغۇق، قىشتا ئىللىق ئىكەن. ئۇچاغدا كارىزنى ياز كۈنلەردە بۈگۈنكى توڭلاتقۇ ئورنىدا ئىشلەتكەن ئىكەن. تۇرپان ئۆزى باش بولۇپ قومۇلغىچە كارىز قازغان ئىكەن. كىشىلەرنى توپلاپ چوڭراق كارىزدا مەشرەپ قىلغان ئىكەن.

ئابرال ئۆزگە ئەگەشكەن ئۇيغۇرلارنى باشلاپ مۇز داۋاندىن

هالقىپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغانچە ئىلى دەرياسى بويىغا بېرىپتۇ. شۇ يەردە بىر شەھەر قۇرۇپ ئىسمىنى مىڭلاق دەپ ئاتاپتۇ. ئابرالغا ئەگەشكەن ئۇيغۇرلار كېيىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا تاراپتۇ. بۇ ئۇيغۇرلار ھازىرقى بورتالا، چۆچەك، ئالتاي ۋە غۇلجا ئۇيغۇرىنىڭ ئەجدادى ئىكەن.

ئۆتۈكەن شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ ھازىرقى موڭغۇلىيەگە يېتىپتۇ. ئۇ ئۇرخۇن دەرياسى ياقىسىغا شەھەر قۇرۇپتۇ، ئىسمىنى ئوردابالىق دەپتۇ. سېلىنگا دەرياسى بويىدا بىر يايلاقتا ئاق ئۆي قۇرۇپ قۇرۇلتاي چاقىرىپتۇ. چېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنى يىغىپتۇ. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن، پۇقرا بولغان كىشىلەر يايلاقنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلارنى ئۆتۈكەن دەپ ئاتاپتۇ. ئۆتۈكەندىن كېيىنكى بەگلەر قوياش بەگلىرى دەپ داڭلىق بوپتۇ. چۈنكى ئۇلار قۇياشتەك ئادىل بولغان ئىكەن.

كەنجى ئوغۇل تۆمەن قەشقەردە قاپتۇ. ئۇنىڭدىن ھەممەيلەن خاپا ئىكەن. بەش ئوغۇلنىڭ ھېچ بىرى يەنە بىرىنى خان دېمەيدىكەن. ئۇلارنىمۇ ھېچ كىم خان دەپ ئېتىراپ قىلماپتۇ. چۈنكى قەشقەر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر يۈرەك ئىكەن. بۇ شەھەردە كىم خان ئاتالسا ئۇيغۇرغا شۇ خان بولىدىكەن. كىم قەشقەرنى ئالسا پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ كۆڭلىنى ئالغان بولىدىكەن.

ئوتۇن، تۇرپان، ئابرال ۋە ئۆتۈكەنلەر شەھەرنى ئۇرۇش قىلىپ تۆمەندىن ئالالماپتۇ. تۆمەن قەشقەرنى تالاشقان تۆت قېرىندىشىغا ئۆچ ئىكەن، تۆتەيلەنمۇ بىر - بىرىگە ئۆچ ئىكەن. شەھەرنى ئالالمىغان تۆت ئوغۇل قەشقەرنى يوق قىلساق پايتەخت يوق بولىدۇ، بىز قۇرغان شەھەرلەر پايتەخت بولىدۇ. ھەممەيلەن ئۆز ئالدىمىزغا خان ئاتىلىمىز دەپ پۈتۈشۈپتۇ. شۇڭا ئۇلار قەشقەرنى چۆكتۈرۈش ئۈچۈن سۇ باشلاپتۇ. شەھەرنى سۇ باسقاچ كوچىلار يارلىق بولۇپ كېتىپتۇ. قاچالمىغان خەلق سۇغا غەرق

بوپتۇ. شۇ چاغدا قەشقەرنىڭ ھەممە يېرى سودا يار ئالغان بولغاچقا بۈگۈنكى قەشقەردە ساقى يار، كەسكەن يار، ئارا يار دېگەن كوچىلار كۆپ ئىكەن.



قەشقەر چۆكۈپتۇ. شەھەر يوق، تەختمۇ يوق بوپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇيغۇردا ھېچ بىر شەھەر پايتەخت دېيىلمەس بوپتۇ. شاھلارمۇ خان ئاتالماپتۇ. بۆلۈنۈپ كەتكەن بەش ئوغۇل ئەتراپتىكى كىچىك شەھەرلەرگە شاھ بولۇپ ياشاپتۇ. تۈمەن قەشقەرگە يېقىن بىر دەريا بويىغا شەھەر قۇرۇپ ئىسمىنى قەشقەر ئاتاپتۇ، ئەمما ھېچكىم ئۇنى پايتەخت دېمەپتۇ. تۈمەننىڭ ئىسمىغا ھەم خان قوشۇلماپتۇ. پەقەت ئۇنىڭ ئىسمى قەشقەرنى باسقان بىر دەريانىڭ ئىسمى بولۇپ قاپتۇ. قالغان ئوغۇللارنىڭ ئىسمىمۇ خان قوشۇلماي بىردىن يۇرتقا ۋە تاغقا نام بولۇپ قاپتۇ.

## ئايرىلغاننى ئېيىق يەر

ئوتۇن، تۇرپان، ئۆتۈكەن، ئابرال ۋە تۈمەن بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ توختىماپتۇ. بەش ئوغۇل دۆلەتنى بەشكە پارچىلاپتۇ. ئەمما بۆلگەندىن كېيىن چېگرانى قانداق ئايرىشتا كېلىشەلمەپتۇ. بۇرۇندىن يىپەك يولىدا ئاۋات بولغان ئورتاق بازارلارنى ئۈلىشەلمەي جەڭ قىپتۇ. ئۇرۇش، جېدەل ۋە ھوقۇق

كۆرۈشى تۈگىمەپتۇ. شەھەرنىڭ چوڭىنى ئالغانلار كىچىكىنى ئالغانلارنى كۆزگە ئىلماپتۇ.





بىر قانچە ئون يىللىق ئۇرۇش ـ تالاشلاردىن كېيىن بەش ئوغۇلنىڭ دۆلىتى قوشنا ئەللەرگە يەم بوپتۇ. ئۇيغۇر دۆلىتى دېگەن ئىسىم تارىخ بەتلىرىدىن ئۆچۈپتۇ. بەش ئوغۇلنىڭ ئەۋلادى ئەجدادىنى ئۇنتۇپ قۇمغا سىڭگەن دەريالاردەك يوقاپتۇ.

كىچىك شەھەرلەردە ياشايدىغان خەلق ئۇرۇشقاق شاھلاردىن يۈز ئۆرۈپتۇ. ئۇلارغا ئۆزىنى قوغداش ئېغىر كېلىپ يات ئەلگە قارام بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىچىك شەھەلەر ۋە بازارلارمۇ باشقا ئەللەرگە قارام دۆلەتكە ئايلىنىپتۇ. ئۇيغۇر دېگەن بۇ ئەلدە مۇقاننىڭ ئوغۇللىرى بۆلۈنگەندىن كېيىن ئاۋۋال تۆت، ئاندىن 36 كىچىك دۆلەت بولغان ئىكەن، ئاخىرىدا كۆپىيىپ دۆلەتلەر 52 بولۇپتۇ.

يىپەك يولىدا شەھەرلەر ئارىسىدا قۇملۇق، چۆللۈك ۋە سايلىقلار كۆپ ئىكەن. يولنى قوغدايدىغان بىر كۈچلۈك دۆلەت بولمىغاچقا يولدا قاراقچى كۆپلەپ قاپتۇ. بۇ قاراقچىلارغا

بۆلۈنگەن كىچىك - كىچىك دۆلەتلەرنىڭ كۈچى يەتمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن تىجارەتچى كارۋانلارمۇ ئازلاپ ئۇيغۇرلار ئاچقان ساراي ۋە لەڭگەرلەرمۇ چۆلدەرەپ قاپتۇ.



يىپەك يولىدا قاراقچى بارغانچە كۆپلەپتۇ. كىشىلەر ئارىسىدا ئىشەنچ يوقاپتۇ. ھەممە يەرنى گۇمان، ھەممە ئىشنى شۈبھى، ھەممە ئادەمنى قورقۇنچ قاپلاپتۇ. نەچچە يۈز يىل ئۈرۈش توختىماي چاڭئەندىن رىمغا مال توشۇيدىغان كارۋانچى ئۇيغۇرلارمۇ ئازلاپتۇ. ئۇيغۇرلارغا ياۋرۇپا ۋە ئافرىقىلاردىن كېلىدىغان سودىگەرلەرمۇ يوقاپ كېتىپتۇ.

كارۋان يولىدا ئادەم ماڭماي، ئۆلۈم - يېتىم كۆپەيگەچكە ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئۇيغۇرغۇل، بارمان، چانبالىق (بۈگۈنكى سانجى)، مانكەنت ۋە سۇللۇغ دېگەن شەھەرلەر پۈتۈنلەي تاشلىنىپ قاپتۇ. باشقا شەھەرلەردىمۇ تىجارەتچىلەر ئازلاپ، سودا ئاقماس بولۇپتۇ. ئۇيغۇرنىڭ يايلاقلىرى ياتلارغا يەم بوپتۇ. ئۇيغۇرلار قۇرغان ئۇششاق شەھەر دۆلەتلىرى تېبەتكە، خىتايغا، ئىرانغا قارام بولۇپ قاپتۇ. بەش ئوغۇلنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇيۇشمىغاچ ئۇيغۇر ئاتالماپتۇ. ئۇلارنىڭ ماڭغان يولى، قىلغان ئىشلىرى كېيىنكى ئەۋلادنى قۇتاتمىغاچ ئۇلار ھەققىدە داستان يېزىلماپتۇ، ھېكايە چۆچەكمۇ سۆزلەنمەپتۇ.

# پايتەختىم قەيەر

دادامنىڭ ھېكايىسىدە چىققان پايتەخت، تەخت دېگەن سۆزلەرنى بۇرۇن ئاڭلىغان ئىدىم. ئوقۇتقۇچۇم دەرستە يادلاتقان قوشاقتا شۇنداق سۆزلەر چىققان، چۈشىنەلمىگەن ئىدىم. ھېكايىدە «قەشقەر پايتەخت ئىدى، خاننىڭ تەختى قەشقەردە ئىدى» دېگەننى ئاڭلاپ دەرستە يادلىغان بىر قوشاق ئېسىمگە كەلدى. بۇ قوشاقنى ھەممەيلەن مەكتەپتە ناخشا قىلىپ ئوقۇغان ئىدۇق. مەن ئوقۇتقۇچىدىن بۇ قوشاقنى ئۆگەتكەندە تەخت نېمە، پايتەخت نېمە بىلمىگەن ئىكەنمەن. دادامدىن بۇ سۆزلەرنى بىلىۋالغان خۇشاللىقىمدا قوشاقنى گەپنى بۆلۈپلا ئوقۇپ كەتتىم.

بىز سۆيىمىز بېيجىڭنى،

تيەن ئەنمىنى يۈرەكتىن،

تيەن ئەنمىندىن نۇر چاقنار،

بېيجىڭ ئۇلۇغ پايتەختىم.

يۈرىكىمىز بېيجىڭغا،

تيەن ئەنمىگە تەلپۈنەر.

ئاسمىنىدا بېيجىڭنىڭ،

قىزىل بايراق يەلپۈنەر.

قوشاقنى ئوقۇغاچ مېنى ماختايدۇ، دېگەن تامادا دادامنىڭ چىرايىغا سەپسالاتتىم، ئۇنىڭ ئېپادىسىز تۇرۇشىغا ھەيران ئىدىم. ئوقۇپ بولۇپ قارىسام دادام تاتىرىپ كېتىپتۇ. نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرۇشۇمغا دادام:

ــ بالام، ساڭا بۇ قوشاقنى خاتا ئۆگىتىپتۇ، بەلكىم ئوقۇتقۇچۇڭ بىزنى تۇزىتىپ بېرىدۇ دەپ ئىشەنگەندۇ. مەن مەكتەپتە ئوقۇغاندا بىزگە پايتەختنى بېيجىڭ دېمەي قەشقەر دەپ ئۆگەتكەن! بۇ ئەسلى 1933 ـ يىلى قەشقەردە توقۇلغان قوشاق ئىدى، دېدى ئالدىرىماي سۆزلەپ. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرغان، قەشقەر پايتەخت بولغان ئىكەن. ھازىر ئۇيغۇر قۇرغان دۆلەت مەۋجۇت بولمىغاچقا پايتەختمۇ بولمايدۇ. قەشقەر ھازىر پايتەخت بولمىغاچقا ئەدەبىيات كىتابىدا قەشقەرنى بېيجىڭ دەپ ئۆزگەرتكەن گەپ. ئەمما مەندەك ئۇسۇلى جەدىت مەكتەپتە ئوقۇپ باققانلار بىلىدۇ، بىز كىچىكىمىزدە پايتەختىمىز



قەشقەر دەپ ئوقۇغان. بۈگۈنكى ئوقۇتقۇچىلار بۇ قوشاقتا قەشقەر دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا بېيجىڭ دېگەن سۆزنى، كۆك بايراقنىڭ ئورنىغا قىزىل بايراقنى ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپتۇ، دېگەن ئىدى دادام ئۆزىگە سۆزلىگەندەك بوشقىنا.

دادامنىڭ مەن قوشاقنى ئوقۇشقا باشلىغاندا خوشال بولماي خاپا بولغىنى ئەمدى

ئايدىڭ بولدى. ئۇ باشقىلار دېگەن سۆزلەرنىلا خاتا دەپلا قالماي شېئىر ـ قوشاقلارنىمۇ خاتا دەيدىكەن ئەمەسمۇ! كىشىلەر خاتا دېيىشكە، ئوقۇتقۇچىلار خاتا ئۆگىتىشكە نېمانچە ئۇستا! دادام مۇشۇنداق سۆزنىمۇ، ناخشا ـ قوشاقنىمۇ خاتا دەپ تۈزەتكىلى تۇرسا قاچان تۈزىتىپ بولار، دەپ ئويلاپ قالغان ئىدىم.

— بۇ قوشاقنى ئەسلى مۇنداق دېسەك توغرا! دېگەن ئىدى، دادام. ئۇ قوشاقنى ھاياجاندىن پوكاندەك قىزىرىپ تۇرۇپ مۇنداق تۈزەپ ئوقۇپ بەرگەن ئىدى:





بىز سۆيىمىز ئۇيغۇرنى.

قەشقەر ئاڭا يۈرەكتۇر.

ھېيتگاھتىن چىققان نۇر،

بىزلەرگە يار ـ يۆلەكتۇر.

يۈرىكىمىز ھۆرلۈككە،

ئازاتلىققا تەلپۈنەر،

ئاسمانىڭدا قەشقەرىم

كۆك بايرىقىم يەلپۈنەر.

دادام بۇ قوشاقنى ئوقۇپ بولۇپ، بىزگە پىچىرلاپ يادلاتقان ئىدى. ھېچ كىمگە دەپ بەرمەسلىك، باشقىلارغا يادلاتماسلىق

ئۇنىڭ شەرتى ئىدى. دادام بۇ قوشاقنىڭ ھەر بىر مىسراسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە «ھېيتگاھتىن چىققان نۇر» دېگەن مىسرادا نۇر دېگەن دىنىمىزنى كۆرسىتىدىكەن. ئۇ: مەسجىدكە بارغان ئادەم چىرايى نۇرلۇق قېرىيدۇ دېگەن ئىدى. ئۇنىڭچە ئىمانى بار ئادەمنىڭ چىرايى نۇرلۇق، دىلى يورۇق بولىدىكەن. دادامنىڭ دېگىنى راست بولسا كېرەك. مومام بىلەن بوۋام ناماز ئوقۇيتتى. چىرايى بەكمۇ نۇرلۇق ئىدى. كۈلۈپلا تۇراتتى. ئۆيگە كەلسە يانچۇقىدىن تاتلىق-تۈرۈم ئۈزۈلمەيتتى.



خىيالدىن قايتىپ كەلسەم دادام يەنە ھېكايە سۆزلەشنى داۋام



قىلىۋاتقان ئىكەن. ئەلنى بۆلگەن بەش ئوغۇلنىڭ ئىناقسىز ئەۋلادى ھەققىدىكى ھېكايىلەر داۋام قىلاتتى. بۆلۈنگەن دۆلەت، خاراپ بولغان ئەلدىن قالغان قىسسەلەر دادامنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كۆز ئالدىمدا جانلانماقتا ئىدى.

## ھىندى سودىگەرنىڭ ھېلىسى





كۆنلەر ئۆتۈپتۇ. يۈز، مىڭ، تۈمەن، لەك مىڭ، كۆتەك مىڭ دەپ سانايدىغان ئايلار ئۆتۈپتۇ. چۆچەكچى بوۋاي - مومايلارنىڭ ھېكايە قىلىشچە خانلار ئۆلۈپتۇ، پۇقرا تۇزۇپتۇ. يىپەك يولىدا قاراقچى، بۇلاڭچى كۆپلەپ، ئۇرۇش - تالاشلار بىلەن سودا ئۆلۈپتۇ. ئۇيغۇر سودىگەرلەر باغداتقا، دەمەشىققە ۋە رىمغا بارالماي پۇرسەت ئىزدەپ ھىندىستانغا يۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر سودا كارۋانلىرى خىتايدىن ئالغان يىپەك رەختلەر، چىنە قاچىلارنى ياۋرۇپاغا ئېلىپ بارالماپتۇ. ئۇلار ماللارنى ھىندىستانغا تۇشۇشقا باشلاپتۇ. ئۇلار يەنە ھىندىستاندىن خۇش پۇراق دورا - دەرمەك، چاي ۋە شىكەرلەرنىمۇ كەلتۈرۈپتۇ.

ھىندىستانلىق سودىگەلەرمۇ ئۇيغۇر شەھەرلىرىگە كېلىپ تىجارەت قىلىشقا باشلاپتۇ. ھىندى سودىگەرلەر بىلەن ھىندى راھىپلىرىمۇ بىللە كەپتۇ. بىرى سودا قىلسا، يەنە بىرى نوم ئوقۇپ دۇئا قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ يانلىرىدا بىردىن ھەيكەل

كەم بولمايدىكەن. ئۇلار شۇ ھەيكەللەرنى خۇدا دەپ بىلىدىكەن.

ھىندى سودىگەرلەر ئاۋۋال قوچۇ، قەشقەر، خوتەن، كۈسەن، بۈگۈر، ئونسۇ قاتارلىق چوڭ، قەدىمكى شەھەرلەرگە ساراي قۇرۇپ، ئاندىن نوپچان، پىشامشان، مانىكەنت، ئىككى ئۆگۈز، چەرچەن، چارقىلىق، كىرورەن، نىيە قاتارلىق يېڭى شەھەرلەرگە تاراپتۇ. ئەمما تىجارەتكە ئۇستا ئۇيغۇرلارغا تەڭ بولالماپتۇ. شۇڭا ئۇلار بىر ھېلە ئويلاپتۇ.

بارلىق ھىندى سودىگەرلەر ھەممە شەھەردە بۇتخانا ياساپ بىكارلىق تاماق تارقىتىپتۇ. بۇتخانا ئەتراپىغا رەستە قۇرۇپ سودىگەرلەرگە بىكارغا بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇتخانا ئەتراپىدا تاماقلار ئوخشاپ، تىجارەت قىزىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە ھىندى تىجارەتچىلەر باي بوپتۇ. بۇتخانا سېلىپ باي بولۇپ كەتكەن ھىندى سودىگەرلىرىگە قاراپ ئۇيغۇر سودىگەرلەرمۇ بۇتقا ئىشىنىشكە باشلاپتۇ. ئۇيغۇردىن بۇتخانىغا قانچە يېقىن دۇكان ئاچقانلار شۇنچە قولاي ۋە تېز زەردار بوپتۇ.

ھىندى سودىگەرلەر ھەممە شەھەرلەردىكى شاھلارغا ئۇيغۇرلاردىن ساپايىچى، سېھىرگەر ۋە مەدداھلارنى ئەۋەتىپتۇ. مەددالار ھىندىلارنى ماختاپ، بۇتنىڭ كارامەتلىرىنى داڭلاپتۇ. ساپايىچىلار بۇتىمىز بىزنى باي قىلدى، بىز بۇتخانىغا ياردەم قىلغاچقا خۇدايىمىز بىزگە ياردەم قىلىۋاتىدۇ، بىزنى بۇت يۆلەۋاتىدۇ دەپ سۆزلەپتۇ. داپ داراڭلىتىپ، قوشاق توقۇپ ناخشا بىلەن كۈيلەپتۇ.

ھىندى سودىگەرلەر ئەۋەتكەن سېھىرگەرلەر ئوردىلاردا يىلاننى ئاغزىدىن كىرگۈزۈپ بۇرنىدىن چىقىرىپ، قوقاسقا دەسسەپ مېڭىپ، چوغلانغان تۆمۈرنى يالاپ ماھارەت كۆرسىتىپتۇ. ئۇلار بۇنى بۇتساتىۋانىڭ مۆجىزە ـ كارامەتلىرى دەپ ماختاپتۇ. بۇنى

كۆرگەن شاھلار ۋە ئەمەلدارلار ھەيران ۋە قايل قاپتۇ. ھەمدە سەپ ـ سەپ بولۇشۇپ بۇتقا تازم قلشپتۇ.

## كومراجىۋا ۋە سىرىمترالا



ئۇيغۇردا بۇددا دنى كۈچەيگەن دەۋردە ئاقار ماندا، قۇيلن، پۇرتىدن، سۇجۇپ قاتارلق ئالملار چققان ئكەن. ئاقار ماندانىڭ ئەسەرلرى ختايدكى بۇددا مەكتەپلەردە دەرسلك بوپتۇ. سۇجۇپ ئجات قلغان مۇزىكلار يپەك يولنى بويلاپ تاراپتۇ. ئۇنىڭ باربت بلەن چالغان مۇزىكسى تاڭ ئوردسدا مڭلغان مۇزىكانتلارنى جەلپ قپتۇ. بۈگۈنكى ئۇيغۇر 12 مۇقامنىڭ تۇنجسى شۇ چاغلاردا ئيتلشقا باشلغان ئكەن. مۇقاملارنىڭ برنچسى بولغان راك مۇقامى شۇ چاغلاردا خوتەن ۋە كۈسەندە كۆپرەك ئيتلغان ئكەن. راك دېگەن سۆز قەدىمكى هندى تلدا كۈي دېگەن مەنىدە ئكەن.

ئۇيغۇرلاردا بۇددا دنى مڭ يل يلتز تارتپتۇ. خوتەن ۋە كۈسەن دۇنيادا ئككى مەشھۇر بۇددا دنى مەركزى بولۇپ قاپتۇ. دۇنيادكى بۇددستلار ھەر يلى خوتەن ۋە كۈسەندە بۇت سەيلسى قلپ مۇھاكمنى قزتپتۇ. ئۇيغۇرلارغا پارس،

ئەرەب ۋە ھىندىلاردىن بۇتپەرەسلەر يېغىپ كېتىپتۇ. شۇ يىللاردا ئۇيغۇرلاردىن چىققان سىرىمترالا، كوماراجىۋا، ئاقار ماندا قاتارلىق بۇددا ئۆلىمالىرى ھەققىدە ھىكايەلەر چىقىپتۇ. شۇ ھىكايەلەر ھازىرغىچە خىتايچە ساقلانماقتا ئىكەن.

كوماراجىۋا ۋە سىرىمترالا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داڭلىق ئىكەن. ئۇلار قىلغان ئىشلار، يازغان كىتابلار ۋە سۆزلىگەن دەرسلەرنى كىشىلەر ئۇزاق يىللارغىچە ئۇنۇتماي ھىكايە قىلىشقان ئىكەن.

كوماراجىۋا دەپ تونۇلغان بۇ ئالىمنىڭ ئەسلى ئىسمى كومارا ئىكەن. ئۇ ئەينى چاغدا كۇسەن ئاتالغان بۈگۈنكى كۇچادا تۇغۇلغان ئىكەن. 9 ياش ۋاقتىدا دادىسى بىلەن ھىندىستانغا بېرىپ بۇددا دىنىنى ئۆگىنىپتۇ. ئۇ ئوقۇشنى 20 ياشلاردا تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندە، كۇسەن پادىشاھى ئۇنسۇغا بېرىپ كۈتىۋالغان ئىكەن.

كومارا كۇسەنگە قايتىپ ئۇزاق بولماي دۇنيادا داڭلىق بۇددا ئالىمى بولۇپ تونۇلۇپتۇ. ئۇ خوتەن، قەشقەر، تۇرپان، چاڭئەن قاتارلىق شەھەرلەردە دەرس ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ كىتاب ۋە ئەسەرلىرى شۇ چاغدا خىتايغا ۋە شەرقتە ياپونىيەگە قەدەر تارقالغان ئىكەن.



كومرانىڭ ئانىسى جىۋا خانىم ئۇنى كىچىكىدىن كىتاب سۆيەر، سوئال سوراشقا ئامراق، كۆزىتىشكە ماھىر قىلىپ تەربىيەلىگەن ئىكەن. ئۇنىڭ

ھىندىستانغادا بىرىپ ئوقۇشقا بىلىمدە تېخىمۇ مېۋىلىك ئالىم بولۇشقا ئانىسى جىۋا خانىم تۈرتكە بولغان ئىكەن.

كومىرا داڭلىق ئالىم بولۇپ، ھەر قايسى ئەللەردە دەرس ئۆتكەندە ئۆز ئىسمىنى كوماراجىۋا دەپ ئاتاپتۇ. سەۋەبى ئۇنىڭ ئانىسى ئىكەن. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئۇنىسىز قۇربان بەرگەن ئانىسىنىڭ ھۆرمىتى ۋە خاتىرىسى ئۈچۈن كومىرا دېگەن ئۆز ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا ئانىسىنىڭ ئىسمى جىۋانى قوشۇپ ئىشلەتكەن ئىكەن.



سىرىمىترالا ئۇيغۇرلاردا بۇددا دىنى گۈللەنگەندە يېتىشكەن بىر ئالىم ئىكەن. ئۇ يەنە يېتىشكەن بىر تەرجىمان بولۇپ، ھىندى تىلىدىن نۇرغۇن نوملارنى ۋە باشقا ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان ئىكەن. ئۇ تەرجىمە قىلغان نوملار كورىيە ۋە ياپونىيەگە قەدەر تارقالغان ئىكەن.

سىرىمىترالا ئەسلى كۆسەندە بىر شاھنىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇ بىر شاھزادە بولۇپ تۇغۇلغان بولسىمۇ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن شاھ بولۇشنى رەت قىپتۇ. يىراقلارغا بىرىپ تېخىمۇ كۆپ سىرلارنى ئېچىش ئۈچۈن سەپەر قىپتۇ. ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن قېچىپ ھىندىستانغا بېرىپتۇ.

سىرىمىترالا ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دادىسى كۆسەن شاھى ئالدىغا چىقىپتۇ. ئۇنى ئورنىغا شاھلىققا تەكلىپ قىپتۇ. دادا كۆپ يالۋۇرۇپتۇ، ئۇ دەرس ئۆتكەن مەدرىسكە قەدەر بېرىپ قايتا قايتا ئۇنى شاھ بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ ئۆسمۈر ۋاقتىدا ئوقۇش ئۈچۈن پادىشاھ بولۇشتىن كەچكەندەك، ئالىم

بولۇپ قايتقاندىمۇ شاھلىقنى خالىماپتۇ .

سىرىمترالا ھىندىستاندا ئوقۇشنى تۈگەتكەندە، يېتىشكەن بۇددا ئۇستازى بولۇپ تونۇلغان ئىكەن. قايتىش مەقسىتى مەكتەپ ئاچماق ئىكەن. شۇڭا ئۇ كۆسەندە دادىسىغا ۋارىس بولۇپ پادىشاھ بولماي ئوقۇتقۇچى بولۇپتۇ.

سىمترالا كۆسەندە ھەممە يەرگە مەكتەپ سапتۇ. ئۇ دادىسىغا تەكلىپ سۇنۇپ بارلىق تۈرمەلەرنى مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىپتۇ. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ توي قىلىشىغا، يەر ئېلىشىغا، ئەسكەر، ياساۋۇل ۋە باشقا ئەمەلدار بولۇشىغا چەك قويغان ئىكەن.





كومراجىۋا ۋە سىمترالا زامانىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇتپەرەسلەر قۇمدەك كۆپلەپتۇ. ئۇيغۇرلار كىيىمگە بۇت سىزىپتۇ، تاماقنى بۇتنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ يەپتۇ ناخشا - ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىلىرىدا پۈتۈنلەي بۇتنى كۈيلەپتۇ. بۇتنىڭ گېپى چىقمىغان يەردە ساۋاپ يوق دەپ ئادەم بارماس بولۇپتۇ.

ئۇيغۇرلار بۇتقا ئىشىنىپ بىرەر يۈز يىلغا بارماي شەھەر، يېزا ۋە كەنتلەرگە ئەمەس ھەتتا ئۆيلەرگىمۇ بۇتخانا چۈشۈپتۇ. ئۇيغۇرلاردا بۇنداق بۇتخانا قازناق دەپ ئاتىلىپتۇ. ئۆيگە بۇتخانا ياسىمىغان، راھىپلارنى دوراپ چاچسىز يۈرمەي بېشىغا چاچ قويغان ئۇيغۇر يەكلىنىپتۇ. گۆشتىن ئۆزىنى تۇتالمىغان، بۇتقا ئىشەنمىگەن، ئىبادەتكە كۆنمىگەن بەزى ئۇيغۇرلار ئىرانغا، خىتايغا، بەزىسى ياۋرۇپا تەرەپلەرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ.

## شەھەرلەرنى قۇم باستى



ئۇيغۇرلار شەھەرلەردە بۇتخانا سالماق ئۈچۈن دەرەخلەرنى كېسىشكە توغرا كەپتۇ. راھىپلار ئاۋۇپ ئىشلەيدىغان دېھقان ئازلاپ كەتكەچكە يەرلەر تاشلىنىپ شور بېسىپ كېتىپتۇ. شەھەردە ئادەم كۆپلەپ، سۇ كەملەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېتىزلارغا ۋە باشقا شەھەرلەرگە ئاققان دەريالارنى كىچىك ئېرىقلار بىلەن شەھەرگە باشلاشقا توغرا كەپتۇ. نەتىجىدە شەھەرلەر، يېزىلار ئارا سۇ

تالشىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ كېتىپتۇ.



سۇ تالاشقانلار ئۇرۇشقاقلار جىقلاپ، ئۆستەڭ ۋە دەريالارنى ئاسرايدىغانلار ئازلاپتۇ. ئۇيغۇرلار بۇرۇنقىدەك بىر خانغا ئەگەشمىگەچ قۇرۇلتاي بولماپتۇ، دەريا، كۆل ۋە ئورمانلار ئاسرالماي قۇرۇپتۇ. قۇرغاقچىلىق بولۇپ يۇرتلار تاشلىنىپتۇ. كىشىلەر شور باسقان يېزا ـ قىشلاقنى تاشلاپ شەھەرلەرگە يىغىلىپتۇ.

بىر باھار كۈنىدە، تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان نىران، ئۈزۈن تات، كىرورەن، كېتەك، نوپچان، دەندان، پاسئان، يوتقان، مىرەن، چەرچەن، چارقىلىق، پىشامشان قاتارلىق شەھەرلەردە تۈيۈقسىز قاتتىق بوران چىقىپتۇ. شەھەرلەرگە باستۇرۇپ كەلگەن قۇيۇن جاھاننى قاپلاپ ھېچ نېمىنى كۆرگىلى بولماپتۇ. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قورقۇپ كېتىپ بۇت بار قازناقلارغا يۈگۈرەپتۇ. ئۇلار دەرھال كۈجە كۆيدۈرۈپ بۇتقا باش ئۇرۇپتۇ. بۇتساتىۋادىن ياردەم سوراپ دۇئا قىلىشىپتۇ. بۇتلارغا ئاتاپ قوي، كالىلار قۇربانلىق قىلىنىپتۇ. پىرخۇنلار جىنلارنى چاقىرىپ نوم ئوقۇپ قۇيۇننى قوغلىماقچى بولۇپتۇ. راھىپلار ئەپسۇن ئوقۇپ كېچىلەپ ئۇخلىماي چىقىپتۇ.

دۇئالار، قوي، كالا قۇربانلىق قىلىشلار، بۇتقا ئېسىلىپ يىغلاشلار، پىرخۇنلارنىڭ داپ چېلىپ سەكرەشلىرى، راھىپلارنىڭ

سۈپلەشلىرى ھېچ بىر نەتىجە بەرمەپتۇ. ئۈچ كۈن ئىچىدە بوران توختىماي تېخىمۇ ئەدەپ كېتىپتۇ. راھىپ كالانلار بۇنى «بۇ بىر قەۋمنىڭ بېشىغا ياغقان پالاكەت، بۇنىڭ ئۈچۈن قەۋمنىڭ ھەر بىر ئەزاسى بۇتقا دۇئا قىلىشى كېرەك، بىرەيلەن چالا قالسىمۇ دۇئا ئىجابەت بولمايدۇ» دەپ ئىزاھلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ياساۋۇللارنى ئەۋەتىپ ئۆيمۇ ئۆي تەكشۈرۈپتۇ. دۇئا قىلمىغانلار بايقالغان ھامان ئۇلارنى جازالاپتۇ. شاھ كىشىلەرنى باشقا بارلىق ئىشلاردىن ۋاز كېچىپ بۇتلارغا يىغلاپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. يەتتە كۈن ئۆتۈپتۇ قۇيۇن ۋە قۇم بوران يەنە توختىماپتۇ. راھىپ كالان، چوڭلارنىڭ گۇناھى كۆپ، شۇڭا بۇت ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمىدى، بالىلار دۇئا قىلسۇن دەپ پەتىۋا چىقىرىپتۇ. ئۇستازلار بالىلارنى يىغىپ كېلىپ ئۇخلاتماي ئەپسۇنلارنى يادلىتىپ دۇئا قىلدۇرۇپتۇ.



بۇتخانىلارغا سەھەر كېلىپ دۇئا قىلىپ مۆگدەپ قىيىنلىپ كەتكەن بالىلار تولۇپتۇ. پۈتۈن شەھەر بالىلارنىڭ غۇڭۇلداپ ئوقۇغان دۇئاسى بىلەن بۇتخانا تىرىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يەتتە كۈندىن ئۈچى ئۆتۈپتۇ. بوران يەنە توختىماپتۇ. خان راھىپ كالاننىڭ ئاقمىغان تەدبىرلىرىگە ئاچچىقلاپتۇ. راھىپ كالان: «شاھ ھەزرەتلىرى، قۇيۇننىڭ توختىماسلىقىغا قىز - ئاياللارنىڭ يۇيۇنىشى سەۋەب بولدى. ئاللىرىغا مەلۇمكى، بىز بۇتپەرەسلەر يۇيۇنمايمىز، لېكىن قىز - ئاياللار ئايدا بىر قېتىم كېسەل بولغاچقا يۇيۇنىدۇ، يۇيۇنغاندا بۇتقا چوقۇنمايدۇ ۋە بۇتنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقىدۇ. شۇڭا بۈندىن كېيىن بارلىق ئايال ئۆيدىن تالاغىمۇ چىقماي، يۇيۇنماي، تارانماي، قىرىق كۈن

دۇئا قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئارىمىزدىن بىرەر قىز يۈيۈنسا بۇ قۇيۇن توختىمايدۇ» دەپتۇ.

پادىشاھ راھىپ كالاننىڭ گېپىنى توغرا تېپىپتۇ. ئوردىدىكى باشقا ئەمەلدارلارمۇ ئۇن چىقارماي قوشۇلۇپتۇ. پەقەت لوپ، يورۇڭقاش، مىرەن ۋە قاراقاشنىڭ بەگلىرى بۇ قارارغا قارشى چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ قىزلىرى ۋە ئاياللىرى يۈيۈنۈشنى ياخشى كۆرىدىكەن. بۇ بەگلەر پادىشاھقا ۋە باشقا بەگلەرگە قىز ـ ئايال ۋە بالىلارغا بۇنداق بېسىم قىلىشنىڭ ئادىللىق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. راھىپ كالان ئۇلارنى دەرھال دىنىمىزغا قارشى چىقتى دەپ ئەيىپلەپتۇ. باشقا بەگلەرمۇ تىللىشىپ ئۇلارنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.



## تۆت چېچەن



تارىم بويىدا قارا بوران توختىماي دېمەپتۇ. ئۇيغۇرلاردىن لوپقان، يورۇڭقان، كۆنچى ۋە قاراخان دېگەن تۆت ئەمەلدار غەزەپلىنىپ پادىشاھتىن يۈز ئۆرۈپتۇ. ئۇلار ئوردىدىن چىقىپلا يۇرتىنى باشلاپ قېچىشنى پىلان قىپتۇ. ئۇلار قارا قۇيۇندا

قايمۇقۇپ قالغان كىشىلەرنى يىغىپتۇ. ئۇلارغا قومغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ھەيكەللەرنى ۋە قومدا قالغان بۇتخانىلارنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇلار: «قاراڭلار، بىزگە ئۆزىنى قومدىن قوغدىيالمىغان بۇت ياردەم قىلالامدۇ؟ ئەگەر خۇدا دىنغا، دىندارغا ياردەم قىلسا نېمىشقا بىز ئىبادەت قىلىدىغان بۇتخانا كۆمۈلۈپ كېتىدۇ؟ بىزگە قۇرۇق دۇئا ياردەم قىلمايدۇ، بۇتقا سەجدە قىلىش بورانىنى توختاتمايدۇ. قومدىن، بوراندىن بىزنى قۇتقۇزىدىغان نەرسە بۇت ئەمەس، بىزنىڭ ئەقلىمىز، بىزنىڭ چارىمىز. قۇرۇق دۇئا ۋە ئىبادەت بىزگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

كىشىلەر ئۇيغۇرلاردىن چىققان بۇ تۆت بەگنى تۆت چېچەن دەپ ئاتاپتۇ. ئۇلار شاھ ئۇيقۇغا كەتكەندە مەسلىھەتنى پۇشۇرۇپتۇ. ھەر بىر ئۆيگە بىردىن ياساۋۇل بېرىپ قىز - ئاياللارنى يۈيۈنماي دۇئا قىلىشقا بۇيرۇشتىن بۇرۇن ئۇلار ھەرىكەتكە ئۆتۈپتۇ. تۆت چېچەن توغراقلارمۇ تۈيماي ئۇخلاپ كەتكەندە ياساۋۇللارغا كۆرۈنمەي ئۇن - تىن چىقارماي يولغا چىقىپتۇ.





لوپقان لوپ دېگەن يۇرتتىكى كىشىلەرنى باشلاپ بىر قۇرۇق دەريانىڭ قىنىنى بويلاپ يولغا چىقىپتۇ. يورۇڭقان بىلەن قاراخان قاراقاش ۋە يورۇڭقاشتىكى يۇرتداشلارنى يېتەكلەپ يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار خەلقنى باشلاپ ئۇزاق يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ.

لوپقان يۇرتداشلارنى باشلاپ ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن بىر كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. قۇرساقلار بېلىق بىلەن تويۇپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە كەپە قۇرۇپ بوراندىن پاناھلىنىپتۇ. ئۇلار بۇ كۆلنى بۇرۇنقى يۇرتىنى ئەسلەپ لوپنۇر دەپ ئاتاپتۇ.

يورۇڭقان بىلەن قاراخان يۇرت خەلقى بىلەن يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش بويىغا يېتىپ كەپتۇ. كەينىدە قالغان يۇرتلارنى ئەسلەپ يىغلاپتۇ. ئاخىرى دەريا بويىدىكى ئورماندا بوراندىن دالدىلىنىپتۇ. ئۇلار توغراقلار ئارىسىدا توشقانلارنى كاۋاپ قىلىپ يەپ ساق قاپتۇ.





كۆنچى باشلىغان ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى قارا شەھەر، كورلا ۋە باغراشلارغا يەرلىشىپتۇ. ئۇلار بىر دەريانىڭ بويىغا شەھەر قۇرۇپ ئىسمىنى كورلا دەپتۇ. باغراشقا يەرلەشكەنلەر ئۇيغۇرلارنىڭ باغراش قەبىلىسى ئىكەن. شۇڭا ئۇ يەرگە باغراش دېگەن ئات سىڭىپتۇ.





بۇتپەرەس شاھلارنىڭ ئەمرىدىن چىقماي بۇتخانا ۋە ئوردىلاردا

دۇئا بىلەن قالغان ئۇيغۇرلارنى قۇم يۇتۇپ كېتىپتۇ. بىر مەزگىل گۈللەنگەن كىرورەن، لوپ، پاسئان، نىيە، كىرىيە، چىرا، كېتىك، دەندان، يوتقان، مىرەن قاتارلىق شەھەلەر پۈتۈنلەي تاشلىنىپ قۇم ئاستىدا قاپتۇ.

تۆت چېچەنگە ئەگىشىپ ئامان قالغان كىشىلەر تاشلانغان ماكانلارنى تەكلىماكان دەپ ئاتاپتۇ. مەنىسى تەرك ئېتىلگەن، تاشلانغان ماكان دېگەن مەنىدە ئىكەن. يىللار ئۆتۈپ كىرورەن، مىرەنگە يېقىن يەرلەرنى يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرى بويىغا كۆچۈپ كەتكەن خەلق ئاۋات قىپتۇ.





لوپنۇر كۆلى بويىنى لوپقاننىڭ يۇرتداشلىرى ئاۋات قىپتۇ. كىرىيە، نىيە ۋە چىرىنى كۈسەن، شاھيار ۋە ئونسۇ ۋە توقسۇندىن بارغان ئۇيغۇرلار قۇرۇپ چىقىپتۇ. لوپلۇقلارۋە قاراقاشلىقلار بۈگۈنكى لوپ، ئىلچى، قاراقاش ۋە خوتەن دېگەن شەھەرلەرنى قايتا ياساپتۇ.

دادام ھېكايە ئېيتىشتىن توختىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ تامغا چاپلاقلىق خەرىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىزگە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— مانا، قۇم باسقان شەھەلەرنىڭ ھازىرمۇ ئىزلىرى بار. قەدىمكى كىرورەن شەھرىدىن بىزنىڭ ئۈچ مىڭ يىللار بۇرۇنقى

ئانىمىز تېپىلدى. ئۇنى ھازىر دۇنيادا كىرورەن گۈزىلى دەپ ئاتايدۇ. بىز كىرورەن ئانا دەپ ئاتايمىز. ئاچاڭنىڭ چېچى ئانىمىزنىڭ قوڭۇر چاچلىرىغا ئوخشايدۇ، ئاناڭنىڭ كۆزى ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىنى تارتقان، ئۇنىڭ قۇش پېيى قادالغان بۆكنى ھازىرمۇ سەھنىلەردە ئۇسۇلچىلار كىيىۋاتىدۇ.





— بۆگۈنكى 12 مۇقام ئۇيغۇرلار شۇ بۇتقا ئىشەنگەن چاغلاردىن باشلاپ شەكىللەنگەن. سۇجۇپ دېگەن كىشى مۇقاملارنى توققۇز قىلىپ رەتلەپ چىققان ئىكەن. بۆگۈنكى نورۇزنى قەدىمدە كۇچادا سۇجۇپ پىپا، باربىت، بالمان چېلىپ قىزىتقان ئىكەن. قەشقەردە كىشىلەر نورۇزنى بۇت سەيلىسى، مەشرەپ ۋە تاۋاپلار بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىكەن.

ئۇ چاغلاردا شەھەرلەر ئىچىدە بۆگۈن قومۇل دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرغولدا كۆك مەشرەپ ئەڭ قىزىپتىكەن. كوماراجىۋا يازغان نەزمىلەرنى مۇقامغا سېلىپ ئۇسۇللار ئوينالغان ئىكەن. خوتەنلىك ئۇيغۇرلاردىن ۋايجرا رەسىم مەكتىپى ئاچقان ئىكەن. ئۇنىڭدا ئوقۇغان تالىپلار كېيىن مىڭ ئۆيلەرگە رەسىملەرنى سىزغان ئىكەن. ئۇ قوشنا ئەللەربېرىپ رەسىمدىن دەرس ئۆتكەن ئىكەن.

— بۆگۈن مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، ئەتە مىڭ ئۆيلەرنى باشلايمىز، ئۇخلايلى، دېدى دادام. ئۇنىڭغا ھەر قانچە يالۋۇرسامۇ

ئۇنمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە كۆزۈمنى يۇمدۇم. خىيالىم يەنە شۇ ئۇيقۇسىز ئەپسۇن ئوقۇۋاتقان باللاردا، يۇيۇنماي دۇئا قىلغان پىتى ئۆلۈپ كەتكەن قىز ـ ئايالاردا ئىدى. مەن شۇ چاغدا گېزىتتىن تەكلىماكاندىن چىققان باللارنىڭ قۇرۇپ قالغان جەسەتلىرىنى كۆرگەن ئىدىم. شۇ باللار ئەسلى دۇئا قىلىپ بۇتخانا ئىچىدە ئۆلگەن ئىكەن. بەلكىم كىرورەن ئانىمىز يۇيۇنالماي، ئاغزى بۇرنىغا قۇم كىرىپ ئازاپتا جان ئۈزگەندۇ هە!

بەلكىم قۇم بوراندىن شاھلار قاچالىغاندۇ، بەلكىم راھىپلارمۇ ئەڭ بۇرۇن قېچىپ قۇتۇلغاندۇ. ئەمما بۇتخانا ئىچىدە ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلغان ئايالار، ئۇستازلارغا ئىشىنىپ نوم ئوقۇپ بۇتقا تېۋىنغان باللار قاچالماي قۇمغا كۆمۈلگەندۇ! ئالۋاستىنى خىيال قىلدىم، ئەگەر دۇنيادا ئالۋاستى بار بولسا جاھاننى يالماپ يۇتۇپ كېتىۋاتقان قۇم ـ بوراندىن شۇ ئايالار ۋە باللارنى قۇتقۇزماي ئۇلارنى دۇئاغا، ئىبادەتكە، دىنغا زورلاپ ئاخىردا بىراقلا ئۆلۈمگە ئىتتەرگەن كىشىلەر ئالۋاستى ئىدى.

دادام ئەتە باشلايمىز دېگەن مىڭ ئۆيلەرنى ئويلاپ ئۇيقۇم قاچتى. مىڭ ئۆي دېگەن زادى قانداق ئۆيلەردۇ؟ ئەجدادلار مىڭ ئۆيلەرنى قاچان ياساپ بولغاندۇ؟ قانداق سالغاندۇ؟ نېمىشقا مىڭ ئۆي دېگەندۇ؟ مىڭ ئۆي مىڭ ئائىلە ياشايدىغان ئۆيمۇ؟ ياكى مىڭ ئېغىز ئۆيمۇ؟ ئۇنى نېمىگە سالغاندۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ بىر باشقا چىقالمىغان ئىدىم.

## تاغچى ۋە شەھەرچى راھىپلار

قۇمغا كۆمۈلگەن شەھەرلەردىن ئامان قالغان كىشىلەر باشقا شەھەرلەرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار شەھەرلەرنى كۆمگەن شاھلار، شەيخلەر، راھىپلار ۋە بەگلەرنىڭ سەۋەنلىكىنى سۆزلەپتۇ. لوپقان، يورۇڭقان، قاراخان ۋە كۆنچىلەرنىڭ چېچەنلىكىنى ھېكايە قىپتۇ. بوران چىقسا بۇتنى قۇچاقلاپ يىغلىغان خىيالپەرەس ئۇستازلارنى رىۋايەتكە قېتىپتۇ.



قۇمغا كۆمۈلگەن شەھەرلەرنىڭ رىۋايەتلىرى بارغانچە دىن بىلەن بىرلىشىپ كېتىپتۇ. دەسلەپ رىۋايەتچىلەر بۇنى كىشىلەرنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن، بىر ئىبرەت بولسۇن دەپ سۆزلىگەن ئىكەن. ئەمما بۇ ھېكايىلەر بارا - بارا نوملاردىن ئورۇن ئېلىشقا باشلاپتۇ. راھىپ كالانلار بۇنداق ئاپەتلەرنى بۇتساتۋانىڭ جازاسى

دەپ ۋەز ئېيتىدىكەن. ئۇلار بۇتقا ئىشەنمىگەننى يەر يۇتىدۇ، قۇم باسىدۇ، بوران ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ، قۇيۇن ئايلاندۇرۇپ ساراڭ قىلىپ قويىدۇ دەپ قورقاق سالىدىكەن. كىشىلەر بۇتقا ئىشەنمىگەنلەر ھەققىدە سۆزلەشكەن چاغلىرىدا قۇمدا قالغان شەھەرلەردە تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن ئادەملەرنى ئەسكە ئالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن شەھەرلەردە بۇتخانا ۋە راھىپ كۆپىيىپ بۇتخانا ئالدىنىڭ بازار بولۇشى داۋام قىپتۇ.

يېڭى كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن شەھەرلەردە بۇتخانا ۋە راھىپلارنىڭ كۆپىيىشى بەزىلەرنى خوش قىلغان بىلەن بەزىلەرنى خاپا قىپتۇ. راھىپلار كۆپىيىپ ئىشلەيدىغان ئادەم ئازلاپ كەتكەچكە ئىش ھەققى ئۆرلەپ، مال باھاسى يۇقىرىلاپ كېتىپتۇ. بۇتخانا ۋە راھىپلاردا ئوقۇيدىغان تالىپلار كۆپىيىپ كەتكەچكە ئۇلارغا پۇل ۋە ئوزۇق - تۈلۈك يېتىشمەي قاپتۇ.

ھەممە ئۇيغۇر بۇتخانا قۇرۇش، نوم يادىلاش، بۇت ھەققىدە مۇنازىرە قىلىش بىلەن قىزىپ كېتىپ ئېتىزلاردا ئىش تاشلىنىپ قاپتۇ. بۇتخانا شەھەردە بولسۇنمۇ تاغلاردىمۇ، راھىپلار ئۆيلەنسۇنمۇ ياقمۇ، ئاياللار راھىپ بولسا بولامدۇ، بولمامدۇ؟ راھىپلار گۆش يېسە بولامدۇ بولمامدۇ دېگەن تالاش - تارتىش راھىپلارنى ۋە كىشىلەرنى ئىككى قاشقا ئايرىپ نەچچە يۈز يىللاپ ئاۋارە قىپتۇ. خەلق مۇشۇ قاراشلارنى قوللايدىغان ۋە قارشى تۇرىدىغانلار دەپ ئىككى چوڭ سەپكە بۆلىنىپتۇ. راھىپلار بۇ ئىككى سەپكە باش بوپتۇ. سەپنىڭ بىرى تاغچىلار، يەنە بىرى شەھەرچىلەر دەپ ئاتىلىپتۇ.

بىر قىسىم تاغچى راھىپلار بۇتخانىلارنى تاغلارغا يۆتكەشتە چىڭ تۇرۇپتۇ. ئۇلارچە ئىنسان بۇتقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، شەھەردىن، تىجارەت ۋە ئائىلىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك ئىكەن. ئۇلارچە كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل، بەدەن ۋە كۆڭۈل دېگەنلەر

ئالته ئوغرى ئىكەن. بۇ ئوغرىلار ئادەمنى گۇناھقا باشلايدىكەن. ئادەملەر بۇ ئوغرىلارغا پۈرسەتلەر تولۇپ تاشقان شەھەردە ئىبادەت قىلالمايدىكەن. شۇڭا بۇ ئەزالارنى يا ئوراش كېرەك ئىكەن، ئەگەر ئورىمىسا ئۆيدىن چىقماسلىق كېرەك ئىكەن. شەھەرچىلەر بۇلارغا قوشۇلماپتۇ. بۇنداق تالاش - تارتىش تۈگىمەپتۇ.

بازاردىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن زېرىككەن، ئالته ئوغرىنى تۇتالمىغان، ئىبادەت قىلالمىغان بەزى تاغچى راھىپلار مۇرتلىرىنى باشلاپ تاغلارغا چىقىپ كېتىپتۇ. بەزى راھىپلار شەھەرلەردىن ۋاز كەچسە ئىبادەتنى ياخشى قىلغىلى بولىدۇ دەيدىكەن، ئەمما مۇرتلارنىڭ كەملەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. شاھلار ۋە سودىگەرلەر شەھەرچىلەرنى قوللاپتۇ. شەھەرچىلەر تاغچىلارنى بۇزغۇنچىلار، پىتنىچىلەر، مۇناپىقلار دەپ سۆز - چۆچەك تارقىتىپتۇ. پادىشاھ تاغچىلارنى تۇتۇشقا پەرمان قىپتۇ. تاغچى راھىپلار قورقۇپ ئۆيدىن چىقماي ئىبادەت قىپتۇ.

شەھەرچى راھىپلار سودىگەرلەر ۋە شاھلارنىڭ قوللىشى بىلەن تېخىمۇ كۈچلىنىپتۇ. ئۇلار بازارلاردا مەدرىسلەرنى ئېچىپ مىڭلاپ تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ گېپىنى شاھلارمۇ يېرالمايدىغان بولۇپتۇ. بارا - بارا شەھەردە ۋە يېزىلاردا كىشىلەر چاچلارنى پاكىز قىردۇرۇپ، راھىپلارنىڭ يەڭسىز كاسايالىرىنى كىيىپ يۈرۈيدىغان بوپتۇ. پادىشاھلارمۇ راھىپ بولۇشقا باشلاپتۇ. بەزى راھىپلار پادىشاھ بولغان چاغلارمۇ بوپتۇ.



بۇددا دىنى قان تۆكۈشنى چەكلىگەن بولغاچقا بۇتپەرەس ئۇيغۇرلاردا ئەسكەر بولغىدەك ئادەم قالماپتۇ. ياتلاردىن تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەنلەرگە قارشىلىق بولماپتۇ. بەزى شەھەر دۆلەتلەرنى ياتلار بېسىۋاپتۇ. كىشىلەر باسقۇنچىلار دىنىغا قارشى چىقمىسا، قان تۆكمىسىلا كارى بولماپتۇ.



بەزى شەھەرلەردە بەگلەر، ئوردا، ساراي دېگەنلەر يوقاپ پەقەت بۇتخانا ۋە بازارلار بار ئىكەن. ئۇيغۇرلار تىنىچ كۈنى ئۆتسە رازى ئىكەن. شۇڭا كىم كېلىپ باشقۇرسا كارى بولماپتۇ. كىم بۇتقا ئىشەنسە شۇ بىزنى باشقۇرسۇن دەپ ئىرەڭ قىلماپتۇ. باشقۇرغانلار ئادەم ئۆلتۈرسە، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلسا شەپقەت تىلەپتۇ. قاتىللارغا دۇئا قىلىشتىن باشقىنى راۋا كۆرمەپتۇ.

تاغچى راھىپلار يالغۇز ياشايدىكەن، ھەممە ئادەمنىڭ راھىپ بولۇشىنى خالىمايدىكەن. ئەمما شەھەرچى راھىپلار بۇتقا ئىشەنمىگەن كىشىلەرنى يەكلەيدىكەن. ئۇلار كۈچەيگەن شۇ مەزگىلدە ھەممە ئادەم راھىپلاردەك چاچسىز، ساقالسىز، پىچاقسىز، ھىندىچە نوم يادلاپ ئۇيغۇرچە كىتابسىز ياشاشقا كۆنۈپتۇ.

ئۇيغۇرلار قەدىمكى ھىندىچە نوملارنى يادلاشقا ئۈچ ۋاق تاماققا كۆنگەندەك كۆنۈپتۇ. ئاغرىپ قالسا نومنى سۈپلەپ سۇ ئىچىپتۇ. ئۆيگە ئوغرى كىرسە نوم بىلەن پال ساپتۇ. نومدىن تۇمار پۈتۈپ بويىنىغا ئېسىپتۇ. ئۆيلەرگە نوملارنى زىننەت قىلىپ تىزىپتۇ. تاملارغا نوملارنى نەقىش قىلىپ ئويۇپتۇ.

ئۇيغۇرلاردا نوم بىلمىگەن ئادەم نومۇس قىلىدىغان بوپتۇ.

هەممە ئادەم بۇتقا كۆپ باش ئۇرغاندەك كۆرۈنۈش ئۆچۈن پىشانىسىگە بىر قارا داغنى چېكىدىكەن. ھەتتا نوم يادلىمىغان يىگىتلەرنى قىزلار ياراتمايدىغان، بايلار ئىش بەرمەيدىغان بوپتۇ. نوم بىلمەيدىغان قىزلارغا ئەلچى كىرمەيدىغان ئىشلارمۇ چىقىپتۇ. كىشىلەر ئۆزى تۈزۈك چۈشەنمەيدىغان ھىندىچە نوملارنى ئاڭلىسا يىغلاپ كېتىدىكەن. سودىگەلەر ئوغۇل قىزلىرى نوم يادلىسا پۇل - مېلىنىڭ كۆپ بولۇشىغا ئىشىنىپتۇ. ئۇلار نوملارنى يادلاش ۋە كۆچۈرۈپ تارقىتىشنى بۇتقا سادىق بولۇشنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ قارايدىغان بوپتۇ.

كىشىلەر بۇتخانىلارغا رەسىم سىزىپ، ئويۇقلارغا ھەيكەل ياساپ، توپلاشقاندا ئىبادەت قىلىپ، زېرىككەندە باربىت، بىپا، بالمان دېگەن چالغۇلارنى چاپتۇ. راھىپلاردىن بولغان ئويۇنچىلار سەھنىلەرنى قۇرۇپ دراما ئويناپتۇ. مايتىرى سىمىت دېگەن بۇددا دراما شۇ چاغلاردا كىنگىت، قۇچۇ، پىشامشان ۋە كۇسەندە نەچچە يۈز يىل ئوينالغان ئىكەن.

شەھەرچى راھىپلار بۇتقا باش ئۇرمىغان كىشىلەرنى باشسىزلار دەيدىكەن. ئۇلار دۆلەت، مىللەت، ئادالەت دېگەندەك سۆزلەرنى يامان كۆرىدىكەن. بۇت بىلەن ئالاقىسىز ناخشا مۇزىكا، ھېكايە قوشاقلاردا ساۋاپ يوق دەپ قارايدىكەن. شۇڭا ئۇلار قىلىچ ياساشنى، بەيگە ئويناشنى، توپ تېپىشنى، ئەسكەر بولۇشنىمۇ يامان كۆرىدىكەن. ساۋاپ بولمايدىغان ئىشنى ھېچ كىم قىلمايدىكەن. بارا - بارا ئاۋام ۋە پادىشاھلار تىنىچ ئولتۇرۇپ بۇتقا باش ئۇرۇشتىن باشقىغا قىزىقماس بوپتۇ، راھىپلار ئۇلارنى ئىبادەت ۋە دۇئادىن باشقىغا ئۆچ قىپتۇ.

52 دۆلەتكە بۆلۈنگەن ئۇيغۇرلار بۇتقا ئىشەنگەندىن كېيىن ئەجداتلاردىن قالغان كىتاپ، داستان، چۆچەك ۋە ناخشا قوشاقلارنى ئۇنتۇپتۇ. شۇڭا بىر بىرىنى قېرىنداش دەپ بىلمەيدىكەن. شۇڭا

دۈشمەن بىر دۆلەتكە ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، ياكى بىرەر دۆلەتنى بېسىپ ئالسا قالغانلارنىڭ كارى بولماپتۇ. ئۇلار بىر ـ بىرلەپ دۈشمەنگە يېڭىلىپتۇ، ئەمما بىر بولۇپ، ھەمكارلىقتا، ئورتاق دۈشمەندىن قوغدىنىشنى ئىستىمەيدىكەن، چۈنكى بۇ ئىشتا ساۋاپ بارمۇ يوقمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇلارچە تەكچىدىكى بۇتلارغا باش ئۇرۇپ تۇرسىلا دۈشمەننى يەڭگىلى بولىدىكەن. بۇتنى تاشلاپ خەقتىن ياردەم سوراش، قوشنا بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىنى قوغداش دېگەنلەر بۇتقا ئاسىيلىق ئىكەن. كىشىلەر دۈشمەنگە قارشى تۇرمەن، دوست ئىزدەيمەن دېمەي ئۆزىنى گۇناھتىن پاكلاپ، بۇتقا يارىغۇدەك ئىبادەت قىلسا ئاپەت ۋە يامانلىقلار بۇتنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزلىگىدىن يوقايدۇ دەپ ئىشىنىدىكەن.

## كۆن چىقىشتىن كەلگەن قارا قۇيۇن



بىر كۆنى تەڭرىتاغنىڭ تۇمشۇقىغا جايلاشقان بۆگۈنكى قومۇل ـ ئۇيغۇرغولدىكى كىشىلەر تاڭ دۆلىتى تەرەپتىن قارا بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان چاڭ ـ توزاڭنى كۆرۈپ قورقۇشۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار يەنە بۇرۇن باسقان قۇم بوران قايتا بېسىپ

كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ تەمتىرەپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە بۇ قارا قۇيۇن كۈن چىقىشتىكى تاڭ دۆلىتى قوشۇنلىرى ئىكەن. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىنى باسقاندىن كېيىن غەربتىن كېلىۋاتقان ئەرەب قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشماقچى ئىكەن. بۇنى بىلگەن كىشىلەر تۇرلارنىڭ ئۈستىگە ئوت قالاپ بىر - بىرىگە خەۋەر بېرىپتۇ. ئەمما ھېچ بىر شەھەردىكى پادىشاھ قان تۆكۈشتىن قورقۇپ ئۇرۇش قىلىشنى ياكى قوشنا شەھەر بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنى قوغداشنى ئويلاشماپتۇ.




تاڭ قوشۇندا ھەر بىر ئەسكەرنىڭ قولىدا بىردىن بۇت بار ئىكەن. بۇتنى كۆرگەن ئۇيغۇرلار ئۇلارغا قارشى چىقىشقا پېتىنالماپتۇ. تاڭلىقلار ئاۋۋال ئۇيغۇرغولنى، ئاندىن بۈگۈنكى پىچان - پىشامشاننى بېسىپ ئاپتۇ. ئۇلار باسقان شەھەرلەردە بۇتخانا ۋە بۇتتىن باشقا ھەممە نەرسىنى ۋەيران قىپتۇ. كىتابلارنى، چالغۇلارنى، ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈپتۇ. قوي، كالا بولسا بۇلاپ تالاپتۇ. ئۇلار ياشانغانلار ۋە باللارنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئەرلەرنى قۇل قىلىپ، ئاياللارنى دېدەك قىلىۋاپتۇ.

تاڭ قوشۇنى قەدىمى يەتكەنلا يەردە «بىز بۇتساتىۋانىڭ قوشۇنى. بىز تالاسقا ئۇرۇشقا ماڭدۇق. بىز سىلەرنى ئىسلامغا زورلاش ئۈچۈن كەلگەن ئەرەبلەرگە قارشى دىنىمىز ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز. دىنىمىزنى دۇنيادا ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ ئەرلىرى قۇل، قىز - ئاياللىرى دېدەك بولۇپ بىزگە خىزمەتتە بولۇشى كېرەك. بىزگە قۇل بولغانلار بۇتقا قۇل

بولغان بولدۇ. بزنى رازى قلغانلار بۇتساتۋانى رازى قلغان بولدۇ. بزگە قۇل بولغانلار دىنمزنى ئۆستۈن قلغانلار، بزگە قارشى تۇرغانلار دىنمزنى يەرگە ئۇرغانلاردۇر، بۇنڭغا رازى بولمغاننى ئۆلتۈرمز» دەپ جار ساپتۇ.



شەھەرچى راھپلار ئۇيغۇرلارنى تاڭ قوشۇنغا قارشى چقماسلقا، بۇتنى رازى قلش ئۈچۈن ئۇلارغا قۇل ۋە دېدەك بولۇشقا دەۋەت قپتۇ. راھپلار: «ئەي جامائەت، ھەممڭز نەچچە يۈز يللاردن بېرى بۇتقا قۇل بولغان، بۇتقا ئشەنگەن كشلەر. بزگە قۇللۇق ھېچ بر يېڭى ئش ئەمەس، بۇتنى خۇرسەن قلش ئۈچۈن قۇل بولۇش يامان ئش ئەمەس. بۈيۈك تاڭ دۆلتى ئەسكەرلرمۇ بۇتقا ئشنىدۇ، دنمز ئۈچۈن جەڭگە چقدۇ. ئۇلارغا قۇل بولغان بۇتقا قۇل بولغانغا ئوخشاش، ئۇلارغا دېدەك بولۇپ خزمەت قلساق بۇتساتۋاغا خزمەت قلغان بولمز. كمكى تاڭ قوشۇنغا بۇ دۇنيادا دېدەك ياكى قۇل بولسا ئۇ دۇنيادا ئۆزى قانداق خالغان بولسا شۇنداق شەكلدە ئادەم بولۇپ تررلدۇ. بۇ دۇنيادا دېدەك ۋە قۇل بولغانلارنڭ تۇغقانلرمۇ ئۇ دۇنيادا شاپائەتكە ئېرشپ ئادەم بولۇپ تررلدۇ. تاڭ قوشۇنغا قارشى چققانلار

گۆرىدىن توڭگۇز بولۇپ قايتا تىرىلىدۇ» دەپتۇ. شەھەردىكى كۆپ ئۇيغۇلار بۇ پەتىۋانى ئاڭلاپ قۇل ياكى دېدەك بولۇشنى تاللاپتۇ. پادىشاھ ۋە تىجارەتچىلەرمۇ شەھەردىكى راھىپ كالانىلارنىڭ پەتىۋاسى بويىچە ئاۋامنى دۈشمەنگە قارشى چىقىشتىن توسۇپتۇ.





بۇ پەتىۋانى تاغچى راھىپلار غەزەپ بىلەن رەت قىپتۇ. ئۇلار تاغمۇ تاغ، باغمۇ باغ، مەھەللىمۇ مەھەللە يۈرۈپ كىشىلەرنى قۇل، دېدەك بولماسلىققا، باسقۇنچى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا دەۋەت قىپتۇ. ئۇلار: «بىزنىڭ بۇتقا ئىشەنگىنىمىز تاڭ ئەسكەرلىرىگە ئىشەنگىنىمىز ئەمەس. تاڭ قوشۇنى بۇتنىڭ ئەمەس تاڭنىڭ ئەسكەرلىرى. بىز بۇتقا ئىشىنىمىز، ئەمما تاڭ ئەسكەرلىرىگە قۇل بولساق بولمايدۇ. دىنىمىزدا قۇللۇق پەقەتلا بۇتقا بولىدۇ، ئىنسانغا ئەمەس، ھېچ بىر بۇتپەرەس ئۇيغۇر ئادەمگە قۇل بولسا بولمايدۇ» دەپ ۋەز ئېيتىپتۇ. شەھەرچى راھىپلارغا قول بەرگەن پادىشاھلار تاغچى راھىپلارنى قەيەردە كۆرسە تۇتۇپتۇ، ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنى قاماققا ئاپتۇ.

تاڭغا قارشى، شەھەرچى راھىپلارنىڭ ۋە ئۇيغۇر بۇتپەرەس

شاھلاردىن تويغان تاغچى راھىپلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلىپتۇ. ئۇلار مۇرتلىرىنى تاغدىن باشلاپ چۈشۈپ ئۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ. ھەمدە ئۇلار شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ قوشۇن توپلاپتۇ، ئەمما شەھەرچى راھىپلار تاڭغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈپ قان تۆكۈشنى خاتا دېگەچكە قوشۇن كۆپەيمەپتۇ.




شەھەرلەردە قوللاشقا ئېرىشەلمىگەن تاغچى راھىپلار ئۇرۇشتا ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپتۇ. ئۇلار ئامالسىز كۇسەن، تۇرپان، قەشقەر، ئارتۇچ، توقسۇ، گۇما، قومۇل، بەشبالىق، يېڭىبالىق قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئەگەشكۈچىلەرنى باشلاپ تاغلارغا چىقىپ كېتىپتۇ. دۈشمەن چىقالايدىغان شەھەرگە يېقىن ۋە ئانچە تىك ئەمەس تاغلارغا چىققانلار قىرىلىپ كېتىپتۇ. ئەمما يىراق قىشلاقلار، توقايلار ۋە تىك قىيالارغا چىقىپ كەتكەنلەرنى دۈشمەن تۇتالماپتۇ.

مەغلۇپ بولغان تاغچى راھىپلار تاغدىكى بۇتخانىلاردا ئۇيغا چۆكۈپتۇ. ئۇلار بۇ يېڭىلىشنىڭ سەۋەبىنى ئەۋلادلارغا سىزىپ

قالدۇرۇشنى ئارۇزلاپ ئىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇلار تاملارغا قۇم باسقان شەھەرلەردىن قېچىش ھېكايىسى، ئاپەت بولغاندا دۇئا قىلىۋاتقان ئاياللار، يىغلاپ بۇتقا تىلىنىۋاتقان بالىلار، گۈل كۆتۈرۈپ مايىترى سىممت دېگەن دىرامىنى كۆرۈشكە ماڭغان ئۇيغۇر بايلار ۋە شاھلار، مۇقام چېلىپ، مەشرەپ ئويناپ، دارۋازلارنى تاماشا قىلىۋاتقان كىشىلەر، بۇتقا تازىم قىلغان بولۇپ شەھەرگە كىرىۋالغان ختاي ئەسكەرلەر، ختايغا ماسلاشقان ئۇيغۇر بەگلەر، ھىندى تىجارەتچىلەر، تاڭغا قول بولۇشنى



تەبلىغ قىلغان ئۇيغۇر راھىپلار ۋە دۈشمەنگە قارشى ئاتلانغان ئۇيغۇر باتۇرلار قاتارلىقلارنى سىزىپ چىقىپتۇ. بۇنداق راھىپلار رەسىم سىزىپ، بۇت تىزغان ئۆيلەرنى كېيىنكى ئۇيغۇرلار مىڭ ئۆي دەپ ئاتاپتۇ.



تاغچى راھىپلارنى قوغلاپ يوقاتقان تاڭ قوشۇنلىرى شەھەردىكى راھىپلارنىمۇ ساق قويماپتۇ. ئۇرۇشتىن قاچقان بەزى شەھەرچى راھىپلار تاغلاردا بۇتخانا ياساپتۇ، بۇتلارغا ئۆيلەرنى قېزىپتۇ، كىتابلارنى كۆمۈپتۇ، غارلارنى ئوڭشاپ بۇتخانا قىپتۇ. غاردىكى تاملارغا رەسىملەرنى سىزىپتۇ، تەكچە چىقىرىپ بۇتلارنى تىزىپتۇ. بەزى ھەيكەلتاراش راھىپلار غارلارنى بۇتلار، تەكچىلەر ۋە رەسىملەر بىلەن بېزەپ چىقىپتۇ. بۇلارنى بېزەكلىك دەپتۇ. بۈگۈن بۇنداق مىڭ ئۆيلەر ۋە بېزەكلىكلەر تۇرپان، پىچان، كۇچا، قەشقەر، توقسۇ، گۇما ۋە ئارتۇچلاردا ساقلىنىپ قاپتۇ. كىشىلەر بۇلارنى مىڭ ئۆي، توققۇز ساراي، توققۇز قازناق، قالماق ئۆي، ئۈچ بۇرخان ۋە بېزەكلىك دېگەن ناملاردا ئاتايدىكەن. بۇرخان دېگەن بۇتخان دېگەن مەنىدە ئىكەن. ئۇيغۇرلار راھىپلاردىن بولغان شاھلارنى بۇرخان دەپمۇ ئاتىغان ئىكەن.

## ئۆيى يوقنىڭ ئويى يوق





شۇ چاغدا ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇرلار مۇستەقىل ئىكەن. ئۇلار ئۆتۈكەن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ بىرەر ئەلگە قارام بولۇپ باقمىغان ئىكەن. ئۇلار ئىلى ۋە ئېرتىش دەريا بويىدىكى ئابرالنىڭ ئەۋلاتلىرى بىلەن بىرلىكنى ساقلاپ كەلگەن ئىكەن. ئەمما ئۇلار بۇتقا ئىشەنمىگەچكە تارىم بويىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن قويۇق باردى ـ كەلدىسى يوق ئىكەن. تارىمدىكى شاھلار ئۇلارنى بۇتسىز، دىنسىز دەپ يامان كۆرىدىكەن.

تاڭغا قارشى ئۇرۇش قىلغان تاغچى راھىپلار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن مۇرتلاردىن ساق قالغانلار شىمالغا قاراپ قېچىپتۇ. ئۇلار شۇ قاچقانچە ئۆتۈكەن دېگەن تاغنى ۋە شۇ يەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى نىشانلاپ يۈرۈپتۇ.

تاشغا قارام بولغان ئۇيغۇرلار قورقۇنچ ئىچىدە تۇرمۇشنى داۋام قىپتۇ. تاغلاردا قېچىپ يۈرگەن ئىسيانچى راھىپلار ۋە مۇرتلاردىن ساق قالغانلار شۇ يەرنى ۋەتەن تۇتۇپتۇ. غارلاردا رەسىم سىزغان، مىڭ ئۆي، بېزەكلىك، توققۇز ساراي ۋە توققۇز قازناقلارنى ياسىغانلار ياشىنىپ تۈگەپتۇ.

يەنە قۇمدەك يىللار ئۆتۈپ بۇتپەرەس ئۇيغۇرلار ساقلىغان كىتاب، سىزغان رەسىم، يازغان تارىخ، ئوينىغان مەشرەپلەر خۇددى ئۇلار كېچە ئۇخلىماي قازغان ئۆڭكۈرلەردەك ئەسلەردىن ئۆچۈپتۇ. بىزنى ئۇنۇتمىغاي دەپ غارلارنى رەسىملىك سارايغا ئايلاندۇرغان ئەجدادلارمۇ شۇ غارلاردا ئۇنتۇلۇپتۇ.



ئاندا - مۇندا چۆللەردە ئېچىلىپ قالىدىغان قۇرۇغان جەسەتلەرگە كىشىلەر چاۋا - چاتقانلارغا قارىغاندەك ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ھېچ كىم ئۇلارنى قۇمغا كۆمۈلگەن ئەجدادلار دەپ ئويلىمايدىكەن. بۇ جەسەتلەر كىشىلەرگە پەقەت ئۆلۈمنى ۋە ئۆلتۈرگۈچى قۇم بوراننى ئەسلىتىدىكەن. كىشىلەرگە قۇم بوران يەنە خۇدانى ۋە ئاخىرەتكە كەتكەن كىشىلەرنى ئەسلىتىپ تۇرىدىكەن. بەزىدە كىشىلەرگە تاشلاندۇق ئۆيلەردە ئۇچرايدىغان ئالتۇن بۇتلار ئۇلارغا بۇتپەرەس بوۋا، مومىلارنى ئەسلىتىدىكەن.




تەكلىماكاندا قاتتىق بوران چىققان كۈنلەردە قۇمغا يەم بولغان شەھەرلەردىكى بۇتخانىلار، سېپىللار ۋە ھەيۋەت بۇتلار بەزىدە بوراندىن كېيىن ئېچىلىپ قالىدىكەن. بەزىدە بوران چىقىپ

قۇم كۆچكەندە قۇمغا كۆمۈلگەن شەھەرلەرنىڭ خارابىسى پۈتۈنلەي كۆرۈنۈپ قالىدىكەن ۋە كىشىلەرنى سەل سۈر باسىدىكەن. يەنە بەزىدە كىشىلەرگە قۇملۇقتا كۆللەر، دەرەخلەر ۋە مەھەللە كۆرۈنىدىكەن. ئۇلار بۇنى ئالۋۇن كۆرۈندى، ئېزىتقۇغا ئۇچرىدۇق دېيىشىدىكەن.

دادام ھېكايىسىنى شۇ يەردە توختاتتى. مەھەللىمىزنىڭ كەينىدىكى تاغدا توققۇز قازناق دەپ بىر يەر بار ئىدى. مارالبېشىدا توققۇز ساراي دېگەن بىر يەرنىڭ بارلىقىنىمۇ ئاڭلىغان ئىدىم. دادام بىلەن ئارتۇچقا چىققاندا ئۈچ بۇرخان دېگەن يەرنىڭ بۇرۇنقى بۇتخانا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. چوڭلار ھەيكەلنى نېمىشقا بۇت دەيدىغاندۇ دەيتتىم، بۇنىمۇ بىلىۋالدىم.



دادام مىڭ ئۆيىنى سۆزلىدى، ئەمما تاش كىتابنى يەنە سۆزلىمىدى، قارىغاندا دادام ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. — دادا سەن مىڭ ئۆيىنى سۆزلىدىڭ، ئەپلاتون، ئارىستوتىل ۋە پىفاگورلار يازغان كىتابلارنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى يوقاپ كەتكەن دېدىڭ، قۇم باسقان شەھەرلەرنى سۆزلىدىڭ، مىڭ ئۆيدىكى مەدەنىيەتنى، بېزەكلىكتە قالغان سەنئەتنى سۆزلىدىڭ. ئەمما تاش كىتابقا نېمە بولغان؟ تاشلىنىپ قالغان بولسا نەدە قالغان؟ دەپ سورىدىم.

دادام ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كۈن چىقىشتىكى تاڭ دۆلىتىنى سورىشىم بىلەن ئېغىز ئاچتى:



— كۈن چىقىشتىكى تاڭ دۆلىتى دېگەن خىتاي دۆلىتى. بۈگۈنكى جۇڭگو، چىنا دېگەن شۇ. تاڭ دۆلىتى 751 - يىلى غەربتىن كەلگەن ئەرەب قوماندان قۇتەيبە بىلەن ئۇرۇشقىلى قوشۇن ئەۋەتكەن. يۇرتىمىز شۇ بۇلاڭچى تاڭ قوشۇنىنىڭ تاپىنىدا يەنچىلگەن. ئەجدادلار شۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا تاڭ قوشۇنلىرىغان مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئويغانغان. تاش كىتابلار شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يادىغا يەتكەن.

— بالام، ئۇيغۇردا ئۆيى يوقنىڭ ئويى يوق دەيدۇ. بۇ يەردىكى ئۆيىنى ئەل، ۋەتەن دەپ چۈشەنسەڭ بولىدۇ. ئورتاق ئۆيى بولمىغان مىللەتتە ئورتاق ئوي، كوللىكتىپ ئەقىل بولمايدۇ. ئورتاق مەنپەئەت يوقايدۇ. ئورتاق قەدىرىيەتلەر بولمايدۇ. ئورتاق ئەجداد چۈشەنچىسى يوقاپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىلا ئەجداد سانايدۇ. ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنىلا

قېرىنداش دەپ بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار جان باقسا، بالىلىق بولسىلا بولىدىغان جاندارلارغا، ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىدىن باشقا ھېچ نېمە ئۈچۈن قايغۇرمايدىغان قۇرۇتلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. سەن مەڭگۈ تاشلانى يەنى تاش كىتابلارنى دائىم سورايسەنغۇ؟ ئەجدادلار تارىخنى، تەجرىبە ۋە ۋەسىيەتنى تاشلارغا يازغان. ئۇلار تارىخ مەڭگۈلۈك بولۇپ قالسۇن، ۋەتەن مەڭگۈ بار بولسۇن، ئەۋلادىمغا يار بولسۇن، بىزنى ئۇنۇتمىسۇن دەپ شۇ تاشلاغا مەڭگۈ تاش دەپ ئات قويغان. ئەپسۇس، ئەجدادلىرىمىز بۇددا دىنىغا ئىشەنگەندىن كېيىن مەڭگۈ تاشلار ئۇنتۇلغان. مەڭگۈ



تاشلاردىكى ئەجدادلار ئۇنتۇلغان. ئۇيغۇرلار بۇتپەرەس بولسىلا قېرىنداش بىلىپ قانداشلىقنى ئۇنۇتقان، دىندارلىقنى ئۈستۈن بىلىپ ئۇيغۇرلۇقنى ئۇنۇتقان. ھىندىچە نومنى ئۇلۇغ بىلىپ يادلاپ ئۇيغۇرچە تاش كىتابلارنى يوقاتقان. نومدا بارلىق بۇتپەرەسلەر قېرىنداش دېيسە، تارىختىكى دۈشمەنلىكنى، تاجاۋۇزچىنى ئۇنۇتقان. نوم ھىندىچە، دىن ھىندىچە بولغاچقا ئۇيغۇردا ئۆزىنىڭ ئانا تىلىغا، ئانا مىللىتىگە بولغان مۇھەببەت سوسلاپ كەتكەن. نوم ھىندىچە بولغاچقا بىز ئوي - پىكرىنىڭ تىزگىنىنى ھىندىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان، ئۇلار پىكرىمىزنى نەگە باشلىسا بىزمۇ ھىندىچە پىكرنى دىن دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ قالغان. چۈنكى بىزدە بىر ئۇيغۇرنىڭ بۇددا ئىلمىدە ئالىملىقى ھىندىچە بىلىشى، ھىندىچە كىتابلارنى ئوقۇشى، تەبلىغ قىلىشى ۋە ئۇستازلىق قىلىشى بىلەن ئۆلچەنگەن. ھىندىلارنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ، ھىندىلاردىن ئۆگەنگەن نوم، ھىندىلار ئۆزگە تەدبىقلىغان دىنغا ئەگەشكەن ئۇستازلار قانداقمۇ ئۇيغۇرغا يول كۆرسەتسۇن؟ يامغۇرلۇق ھىندىستان ئۈچۈن ياسالغان ئۆينى قۇم بورانلىق تەكلىماكانغا كۆچۈرۈپ كەلسەك ئولتۇرغىلى بولامدۇ؟ بىر بوراندا بۇزۇلۇپ تۆت تۈۋرىكى قالسا قانداق تۇرىسەن؟

بىزگە كەلگەن نوممۇ ھىندىچە، نوم بىلەن كەلگەن كىتابمۇ، تەدبىرمۇ، پىكىرمۇ، ئويمۇ ھىندىچە. ھىندىچە ئوي بىلەن ئۇيغۇرغا ئۆي سالغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھەممە مىللەتنىڭ ئۆيى ئۆزىگە سۆيۈملۈك، ئۆزىنىڭ ئويىغا لايىق بولىدۇ.




52 دۆلەتكە بۆلۈنگەن ئۇيغۇرلار تاڭدىن بىر - بىرلەپ يىغىلگەندىن كېيىن، بىر ئورتاق ئۆينىڭ ئويىغا، ئارمىنىغا چۈشكەن. شۇندىن كېيىن ئۇلار ۋەتەنسىز ھەر يەردە خارلىنىپ، ئەلسىز ياتلارغا يالىنىپ ئەقلىنىڭ، بىلىمىنىڭ، بىرلىكىنىڭ، دۆلەتنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇلارنىڭ شىمالغا كۆچكەن بىر بۆلىكى ئىلى بويىدىكى، ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلەشكەن. ھەمدە بىر قانچە يىلدىن كېيىن كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇرۇپ چىققان. ئۇ دۆلەتنىڭ ئىسمى ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى دېيىلىدۇ، بۇ دۆلەت تاڭ دۆلىتىنى، تىبەتنى ئۇرۇشتا قانچە قېتىملاپ مەغلۇپ قىلىپ ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ ئىمپېرىيەگە ئايلانغان. دۇنيا تارىخىدا بۇ ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى دەپ ئاتىلىدۇ. تاڭ ئىچكى ئۇرۇشقا پاتقاندا بىز قوشۇن چىقىرىپ قوغداش ھەققى ئالغان، دەپ گېپىنى توختاتتى.

- ئەمدى بولدى، بۈگۈن مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، تاش كىتاب ئەتىگە قالدى، ئۇخلايلى، دېدى دادام. ئۇنىڭ سۆزىدىن يانمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى، شۇڭا ھەممەيلەن ئامالسىز يوتقانلارغا تۈگۈلدۇق.

## بىز قىلىچقا ئىشىنىمىز



تاغچى راھىپلارغا ئەگەشكەن ئۇيغۇرلار ئۆتۈكەنگە چېكىنىپتۇ. ئۇلار مۇقاننىڭ ئوغلى ئۆتۈكەننىڭ ئىزىنى بويلاپتۇ. ئۆتۈكەن ئۇيغۇر ئېلىنى تۆت پارچە قىلغان مۇقان خاننىڭ ھېلىقى بەش ئوغلىنىڭ بىرى ئىكەن. مۇساپىر ئۇيغۇرلار ئۆتۈكەن ماڭغان يول بىلەن شىمالغا قاراپ يۈرۈپتۇ.

ئۇلار قوغلىغاننى ئۇرۇپ، ئۈرۈشۈپ چېكىنىپ بۆگۈنكى قومۇل ئاتالغان ئۇيغۇرغولدىن يوشۇرۇن ئۆتۈپتۇ. يولغا چىقىپ ئالتە ئاي بولغاندا ئۆتۈكەن خاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىغا يېتىپتۇ. ئۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار قەبىلىسى باغرىغا ئاپتۇ.

پايتەخت ئوردۇبالىقتىكى بەگلەر ئۇلارغا يەر، يايلاق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك بېرىپتۇ. خەلق ئۇلارنى مەشرەپلەرگە تەكلىپ



قبپتۇ. ئۆتۆكەنلك ئەمچلەر كېسەللەرنى داۋالاپتۇ. باخشىلار باللارنى مەكتەپكە باشلاپتۇ. ئۆتۆكەنلك ئۇيغۇرلار تېۋپنى ئەمچى، ئوقۇتقۇچنى باخشى دەيدىكەن. ئۆتۆكەنلك ئۇيغۇرلار گۆش، سۆت ۋە ئارپا يەيدىكەن. تەڭرىتاغدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار بۇغداي، قوغۇن، تاۋۇز، بدە، .ئۈزۈم. تۇرۇپ، سەۋزە ۋە چامغۇر تېرشنى ئۆتۆكەنلك ئۇيغۇرلارغا ئۆگتىپ قويۇپتۇ.

تارم بويلىردىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۆتۆكەندە كۆنۈپ ئۇرۇنلشىپ قاپتۇ. يەر، سۇغا ئىگە بولۇپ تۇرمۇشى مول بوپتۇ. بۇتپەرەس بولغىنى ئۈچۈن ئۆزى جايلاشقان يەرلەرگە بۇتخانا ساپتۇ. راھىپلارمۇ كۆپچلكنى ئىبادەتكە باشلاپتۇ. بەزى راھىپلار يەرلك ئۇيغۇرلارنمۇ بۇتقا ئىشننشكە كۆندۈرۈپتۇ. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي چاتاق چقىپتۇ.

بۇتپەرەس ئۇيغۇرلار گۆش يېمەيدىكەن، بۇتقا ئىشەنمەيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قوي ئۆلتۈرۈشنى، ئوۋ قىلشنى، چېلشىپ، بەيگە قلىپ ئۇسۇل ئويناشلىرنى توغرا كۆرمەيدىكەن. ئۇلار بۇنى نومدا يوق ئش، بۇتسىزنىڭ ئشى، بۇتقا ھۆرمەتسىزلك دەپ يامان ئالدىكەن.



ئۇلار قان تۆكمەيمىز دەپ تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلگەن بۇلاڭچىلارغا قارشى قىلىچ كۆتۈرمەيدىكەن. ئۆتۈكەنلىك ئۇيغۇرلار تارىملىق ئۇيغۇرلاردىن ھەيران ئىكەن.



ئۆتۈكەنلىك ئۇيغۇرلار بىلەن تارىمدىن كەلگەن بۇتپەرەس ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دائىم مۇنازىرە قايناپ تۇراتتى. ئۆتۈكەنلىكلەر بۇددا دىنى ئۇيغۇرلارغا ئۇتۇق كەلتۈرمەيدۇ، ئۇيغۇرلارغا قۇت بەرمەيدۇ، ئۇيغۇر دېگەن ئەلنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىپ بىزنى پەقەت بۇتپەرەس، ۋەتەنسىز سەرگەردان، سۈرگۈنلەردىن قىلىپ قويىدۇ، دەيدىكەن. ئۇلار تارىملىقلارغا: سىلەر بۇتقا ھۆرمەت قىلغان، ھەر مەھەللىگە بۇتخانا سالغان، ھەر ئۆيدىن بىردىن بالىنى نوم يادلاتقان تۇرۇپ نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن قوغلاندىڭلار؟ سىلەر ھۆرمەت قىلغان، باش ئۇرغان بۇتۇڭلار نېمىشقا سىلەرنى قوغدىمىدى؟ سىلەر بۇنى سىناق دەيسىلەر، ئۇنداقتا بۇتۇڭلار سىلەرنى قاچانغىچە سىنايدىكەن. پەقەت سىلەرنىلا ئاياقلاشماس سۈرگۈن، سەرسانلىق ۋە ۋەيرانچىلىق بىلەن سىنامدىكەن؟ نېمىشقا خۇدايىڭلار سىلەردەك بۇتپەرەس ھىندىلارنى، خىتاينى، موڭغۇلنى سىنىماي پەقەت سىلەرنىلا سىنايدىكەن؟

بۇتۇڭلار ئادىل بولسا سىلەرنى قوغلاپ چىقارغان خىتاي بۇتپەرەسلەرنى سىنىماي دائىم سىلەرنىلا مۇسىبەت بىلەن سىنايدۇ؟ سىلەر ئېتىقادتا شۇنچە مۇستەھكەم تۇردۇڭلار، ئېتىقاد ئۈچۈن ئوتتا كۆيدۈڭلار، ئۆي - بىساتنى مال - دۇنيانى پىدا قىلدىڭلار، خوتەن بىلەن كۆسەن دېگەن ئىككى شەھىرىڭلار دۇنيانىڭ بۇددا دىنى مەركىزىگە ئايلاندى. راھىپلىرىڭلار پۇقرادىن شاھقا قەدەر پۈتۈن تارىمدىكى ئۇيغۇرنى بۇتپەرەس قىلىپ بولدى. سىلەر شۇنچە قەتئىي ئېتىقاد قىلغان بۇ دىن سىلەرنى دائىم مەغلۇبىيەت بىلەن، مۇسىبەت بىلەن، ئازاپ ئوقۇبەت بىلەن سىناشتىن بۆلەك نېمە قىلىپ بەردى؟ بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان خوتەن ۋە كۆسەننى خىتايدىن ساقلاپ قالالمىغان خۇدايىڭلار بىزدەك بۇتسىزلار ماكانى بولغان ئۆتۈكەننى قوغداپ بېرەرمۇ؟ سىلەرنى مەغلۇپ قىلغان شۇ دىنىڭلارغا بىزنى دەۋەت قىلامسىلەر؟ سىلەردەك بۇتپەرەسنى قوغداپ قالمىغان خۇدايىڭلار بىزدەك نەچچە يۈز يىلدىن بېرى بىرمۇ بۇتخانا بولمىغان بۇ ئەلنى قوغداپ بېرەرمۇ؟ بىز بۇتسىز نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان قۇل بولمىغان تۇرساق، قانداقمۇ ئىنسانىنى بۇتقا قۇل قىلدىغان، سىلەرنى خىتايغا قۇل قىلىپ بەرگەن دىنغا ئىشىنىمىز؟ دەيدىكەن. تارىملىقلار مەغلۇبىيەتنى سىناق، نامراتلىقنى ساۋاپ، كۈن چىققاننى بۇتنىڭ رەھمىتى، يامغۇر ياغقاننى خۇدانىڭ شاپائىتى دەپ رىۋايەت سۆزلەيدىكەن.



مۇنازىرەدە ئۆتۈكەنلىك ئۇيغۇرلاردىن سوئاللار تۈگمەيدىكەن، يېڭى - يېڭى سوئاللار چىقىپ تۇرىدىكەن. ئەمما تارىملىق بۇتپەرەس ئۇيغۇرلاردا جاۋابلار ئوخشاش بولۇپ نومدا ئېيتىلغان سەۋر، چىدام، سىناق، ساۋاپ دېگەنلەر تەكرار سۆزلىنىدىكەن. جاۋابلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇرىمۇ بۇ دۇنيادىكى ئازاپنىڭ ئۇ دۇنيادا مۇكاپاتى بولىدۇ دېگەنلەردىن نېرىسىغا بارمايدىكەن. ئۇيغۇر بۇتپەرەسلەر دائىم سوئاللارنىڭ ئۆزىگە ئۇيغۇرچە جاۋاب بېرەلمەي ھەندى رىۋايەتلىرى دەلىل قىلىدىكەن. تارىملىق بۇتپەرەس ئۇيغۇرلار يادا بىلىدىغان نۇرغۇن ھېكايىلەر بار ئىكەن. ئۇلار سەۋر قىلىپ ساۋاپ تاپقان دېھقاننىڭ ھېكايىسىنى بۆگۈن سۆزلىسە، ياش ۋاقتىدا جاپا تارتىپ قېرىغاندا دۆلەت كۆرگەن باغۋەننىڭ ھېكايىسىنى ئەتىسى باشلايدىكەن.



ئۆتۈكەنلىك باخشىلار باللارغا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتىدىكەن. كىتاب ئوقۇتىدىكەن. يۇلتۇزلارنى سانىتىپ يەرگە سىزغۇزىدىكەن. ئۇلارغا تاختىلارغا خەت يازغۇزىدىكەن. ئەمما تارىملىق ئۇيغۇرلار ھىندىچە يېزىقتىكى نوملارنى ئوقۇشنى ۋە يادلاشنى ساۋاپ بىلىدىكەن. خەت يېزىشنى يامان كۆرىدىكەن. ئۇلارچە ئەگەر باللار خەت يېزىشنى ئۆگەنسە ئۆزى بىلگەننى يازىدىكەن. نومنىڭ يېزىقىدا ئىنساننىڭ گەپلىرى يېزىلسا بولمايدىكەن. باللار يازماقچى بولسا چوقۇم بۇددا نوملىرىنى كۆچۈرسە ساۋاپ بولىدىكەن. ئەگەر باللار كىتاب ئوقۇسا، خەت يازسا ئۆزى خالىغاننى

يازىدىغان، ئۆزى ئويلىغاننى سۆزلەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن. ئۇلارچە ئادەمنىڭ ئاغزى بۇددا نومىنى سۆزلەشكە، قەلبى بۇددا نوملىرىنى يادلاشقا، كۆزى بۇددا نوملىرىنى كۆرۈشكە، قۇلاقلار بۇددا نومىنى ئاڭلاشقا يارىتىلغان ئىكەن. ئەگەر ئوقۇغۇچىلار بۇنداق قىلمىسا قايتا تىرىلگەندە كۆزسىز، قۇلاقسىز، يۈرەكسىز، ئېغىزسىز قوپارمىش. چۈنكى بۇتساتىۋا ھەممە ئەزالاردىن ئايرىم – ئايرىم ھىساب ئالارمىش.

ئۆتۈكەنلىك ئۇيغۇرلار بىلەن تارىمدىن كەلگەن بۇتپەرەس ئۇيغۇرلارنىڭ پەرقى بارغانچە چوڭلاپتۇ. ئۆتۈكەنلىكلەر دۈشمەنگە قارشى خەندەك قازغاندا تارىملىقلار بۇت ياساپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. تارىملىقلارنىڭ كۆپى ساۋاتسىز بولغاچقا ئورخۇن يېزىقىنى بىلمەي خانىنىڭ يارلىقىنى ئوقۇماي خىلاپلىق قىپتۇ. جازا بېرىلسە، بىز خۇدايىمىزدىن باشقا بىرىنىڭ جازاسىنى ئۆتىمەيمىز دەپ تۆلىمەپتۇ. ئۇلار ئىنسان تۈزگەن ھەر قانداق قانۇن خۇدانىڭ قانۇنىغا زىت دەپ خانىنىڭ تۆرۈ دېگەن قانۇنىغا بويسۇنماپتۇ. ئۇلار ھەر دائىم بىز ئىنسان تۈزگەن قانۇن بويرىغاننى ئەمەس، نومدا دېگەننى قىلىمىز دەپ جاھىللىق قىپتۇ.

ياز ئۆتۈپ كەچ كۈز يېتىپ كەپتۇ. ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇرلار قار ئازراق ياغىدىغان، كۈنگەي ئىللىق تەرەپلەرگە كۆچمەكچى بوپتۇ. ئۆتۈكەنلىك بارلىق ئۇيغۇرلار سەپەر تەييارلىقىنى بىرلىكتە قىلىپ پۈتتۈرۈپتۇ. بىرى قانقا ياساپ، يەنە بىرى ئاتلارنى قانقالارغا قوشۇپتۇ. ئۇلار ھارۋىغا قاتمىغان ئاتلارنى ئۈيۈرلارغا ئايرىپ چەبدەس ياشلارنى مەسئۇل قىپتۇ. ھارۋىلارنى بىر – بىرىنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ يۇرت، مەھەللە بويىچە كارۋان بولۇپتۇ. تارىملىق ئۇيغۇرلار بولسا ئۆتۈكەنلىكلەرنى دىنسىز دەپ ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ ھارۋا ياسىماپتۇ. ئۇلار يا ئۆز ئارا بىرلىشىپ كارۋان بولماپتۇ. كارۋان بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ كارۋان باشلىرىمۇ يوق ئىكەن. ئارىدا ھېچ كىم كىمگە باش بولمىغاچقا كىشىلەر

يەرگە كېلەلمەپتۇ. يا ئاتلارنى ئۈيۈر قىلىپ توپلىماپتۇ. يا قويلارنى بىر پادا قىلىپ بىرىگە تاپشۇرالماپتۇ. ئۇلار قۇمدەك چېچىلىپ يا ئۆزى بىر كارۋان بولۇپ ئۈيۈشماپتۇ، ياكى باشقا كارۋانغا قوشۇلماپتۇ.



شۇ چاغدا ئورخۇن ئېلىدە بىلگە قاغان خان ئىكەن. تارىملىقلارنىڭ ئىشى خانغا مەلۇم بوپتۇ. خان سەپەر تەييارلىقى پۈتمەي كېچىكىپ پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ سەپىرىنى كېچىكتۈرگەن بۇ تارىملىق ئۇيغۇرلارغا نارازى بوپتۇ.

بىلگە قاغان بىر يەرگە كېلەلمەي چېچىلىپ يۈرگەن تارىملىق ئۇيغۇرلارنى يىغىپ: بىز تارىملىق ئۇيغۇر ۋە ئۆتۈكەنلىك ئۇيغۇردىن تۇغۇلغان كىشىلەر. بىز ئۇيغۇر ئاتلىق بىر دەرەخنىڭ شاخلىرى، ياپراقلىرى، بىز كۆك تەڭرىنىڭ قوڭۇر يەردىكى ئەركىلىرى بىز. بىز ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆكتىن تامغان، يەردىن ئۈنگەن مىللەت. بىز ۋەتەن، تەڭلىك، ئادالەت ۋە سۆيگۈ ئۈچۈن ياشايدىغان مىللەت. بىز ئۇيۇشقان ئۇيغۇر بولغاچ سىلەرگە ئىشىنىمىز، ئەمما سىلەرنى خىتايغا قۇل قىلغان بۇتقا ئىشەنمەيمىز. بىز باشتىكى ئەقىل ۋە قولىمىزدىكى قىلىچقا ئىشىنىمىز. ئۇيغۇر ھەر قانداق قۇللۇققا قارشى، شۇڭا بىز بۇتقا قۇل بولمايمىز ھەمدە ھەر قانداق قۇللۇققا گول بولمايمىز. بىز ھىندىچە نومغا بويسۇنمايمىز، بىزنىڭ تاشقا ئويۇلغان ئۇيغۇرچە قانۇنىمىز بار. بىزنىڭ بايلىقىمىزنى، بەختىمىزنى بۇت ياراتمايدۇ. بىز ئۇنى ماڭلاي تەرىمىز بىلەن بەرپا قىلىمىز. بىزنى ياۋدىن بۇت ساقلىمايدۇ، قىلىچ ساقلايدۇ. سىلەرنى خىتايدىن قوغدىيالمىغان بۇت ئېلىمىزنى قوغداپ بەرمەيدۇ. بىز قۇتلۇق ئەلنى، ئەزىز مىللەتنى باشتىكى ئەقىل، قولدىكى قىلىچ بىلەن ئۆزىمىز قوغدايمىز. بىلىمەن، سىلەر تارىمدىن



بۇت ئېلىپ كەلگەن. ھەممىڭلار بۇ قېتىممۇ سەپەرگە يېنىڭلارغا بىردىن بۇت ئالماقچى. مەن سىلەرنى بۇتنى قوينۇڭلارغا تىقىپ يانغا قىلىچ ئېلىشقا بۇيرۇيمەن. كىم سەپەردە ھايات قالاي دەپ بىزگە ئۇيۇشسا ئۇيغۇر بولىدۇ. ئۆزىنى ئۇيغۇردەپ كارۋانغا ئەگەشكەن ئادەم يېنىغا بۇت ئەمەس قىلىچ ئالسۇن، بۇت ھەر كىمنىڭ قوينىدا قالسۇن. كىم يېنىغا قىلىچ ئورنىغا بۇت ئاسسا ئۇلار سەپەرگە چىقماي مۇشۇ يەردە قالسۇن! دەپتۇ ۋە قانداق ئۇچقاندەك كەلگەن بولسا ئاتنى شۇنداق چاپتۇرۇپ غايىپ بوپتۇ.



تارىملىق ئۇيغۇرلار بىر - بىرىگە قارىشىپ بۇتلارنى تاشلىيالماپتۇ. ئەمما ھەممىيلەن ئامالسىز ئۆتۈكەنلىك ئۇيغۇرلارغا ئەگىشىپ كارۋانغا سوڭدىشىپتۇ. تارىملىق ئۇيغۇرلار كېتىپتۇ، ئۆيلەردە نەچچە يۈز يىل ئەتىۋارلىق بولۇپ كەلگەن قەدىناس بۇتلار تاشلىنىپ يالغۇز قاپتۇ.

# دانىشمەن ئەندىر



تەڭرىتاغدىن كەلگەن تاغچى راھىپلارنىڭ ئىچىدە ئەندىر دېگەن بىر دانىشمەن كىشى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى خوتەن ئىكەن. ئۇ ياش چاغلىرىدا تاڭ ئوردىسىغا نومدىن دەرس ئۆتكىلى بارغان ئىكەن. شۇ چاغلاردا ئۇ ئۆتۈكەندىكى بۇتقا ئىشەنمەيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن دەپ بىر يېزىقى بارلىقىنى كۆرگەن ئىكەن. ئوردىدا ئەندىر ئۆتۈكەنلىك ئۇيغۇر ئەلچىلەر بىلەن دوستلاشقان ئىكەن ھەمدە ئۇلاردىن ئۇيغۇرچە يېزىق ئۆگەنگەن ئىكەن. ئۇ چاغلاردا بۇتپەرەس ئۇيغۇرلار قارۇشتى دەپ ئاتالغان قەدىمكى ھىندى يېزىقىنى ئىشلەتكەن ئىكەن.

دانىشمەن ئەندىر ئۆتۈكەنگە كەلگەندىن كېيىن قەبىلە بىلەن قەبىلە ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان توقۇنۇشلارنى ھەل قىپتۇ. خانلارغا چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ ئاسانلا ھۆرمەت تېپىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئوردىغا خاس ھاجىپ بوپتۇ. ئەمما خىتايغا قۇل بولغان خوتەنلىكنى ئۇنتۇپ جىم يۈرۈشكە ۋىجدانى چىدىماپتۇ. خىتاينىڭ قولىدا قالغان ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇشقا چارە ئىزدەپتۇ.

ئەندىر ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇر خانلار، بەگلەر ۋە ئاۋامنى قوزغاش ئۈچۈن ئىزدىنىپتۇ. بەگلەرگە تەڭرىتاغ باغرىدا قۇرۇلغان شەھەر دۆلەتلەرنىڭ بىرلىك بولماي قانداق چۇۋۇلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. خانلارغا ئۇيغۇردا ئۆملۈك بولمىغانلىقى ئۈچۈن مىللەتنىڭ ختاي قوشۇنلىرىغا قانداق ئەل بولغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپتۇ. ئۇ ئۇيغۇر ئاۋامغا ھىدىنلارنىڭ بۇت كۆتۈرۈپ كېلىپ ئالتۇن يۇدۇپ كەتكەنلىكىنى ھېكايە قىپتۇ. بۇتقا ئىشەنگەن ختاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاۋۋال بۇتنى كۆرسىتىپ خوش قىلىپ ئاندىن قىلىچ بىلەن قانداق قىرغانلىقىنى ئاڭلىتىپتۇ.





ئەندىر ختاي ئەسكەرلەر بېسىۋالغان تەڭرىتاغ بويىغا يوشۇرۇن بېرىپتۇ. ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆملەشتۈرۈپ ختايدىن قۇتۇلۇشنى پىلان قىپتۇ. مىللەتنى ختايغا قارشى قوزغىتىش ئۈچۈن ئۇ قەشقەردە ياشايدىغان توققۇز ساقلار، ئوغۇز ساقلار، بارىنلار، ياباقۇلارنى ئىزدەپتۇ. خوتەندە ياشايدىغان قارلۇقلار، قارمانلارنى ئويغىتىپتۇ. ئۇ يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ ئارتۇچتا ياشايدىغان ئارغۇلار، ئىنارچىلار، كورلىدا ياشايدىغان باغراشلار، ئاقسۇدا ياشايدىغان ئاقمانلار، دولانلار، ئىلى مىڭلاق ۋادىسىدا ياشايدىغان باسمىللار، چىگىللەر، لوپنۇردا ياشايدىغان چومۇللارنىڭ ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. قارىسا چىرايلاردا نۇر، كۆزلەردە روھ يوق. ھەممە ئامالسىز، ھەممە يەرنى چۈشكۈنلۈك قاپلىغان. ئاتلار قول بازىرىدا سېتىلىۋاتقان، باللار كوچىلاردا يالىڭاچ تىلەپ يۈرگەن، ئاياللار ختاي ئەسكەرلەرگە ئىشلەپ ھارغان. ئەمما بۇتخانا داغدام ئوچۇق. ئىبادەتكە چاقىرغان قوڭغۇراقلار ئېگىز راۋاقلاردا ياڭراپ تۇرغان. كىشىلەر بۇتلارغا ئېسىلىپ

يىغلاپ تۇرغان. ئۇيغۇر راھىپلار يەنە شۇ قىزىل كاسايانى كىيىپ ھىندىچە ئەپسۇنلارنى ئوقۇتۇپ يۈرگەن. ئەندىر يۇرتىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئىچىنىپتۇ. ئۇ ھېچ بىر قەبىلىدە بىر يېتەكچىنى تاپالماپتۇ. شۇڭا ياردەمنى كىمگە بېرىش، كىمنى كىمگە بىرلەشتۈرۈشنى بىلەلمەپتۇ.

## قۇللۇق كېسىلى



ئەندىر قۇللۇقتا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرنى قوزغىتالماپتۇ. قۇللۇق يۇقۇملۇق كېسەلدەك يامراپ كەتكەن، ھۆرلۈكنىڭ نۇرى ئۆچكەن ۋەتىنى ئۇنى بەكمۇ ئۈمىدسىز قويۇپتۇ. ئۇ ئۆزى ئۆتۈكەندە كۆرگەن ھۆر ھايات بىلەن تارىم، يورۇڭقاش ياقىسىدا ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان قۇللۇق ئۇنى ئويغا ساپتۇ.

ئەندىر كۆڭلىدە ئىككى يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرنى سېلىشتۇرۇپ قاپتۇ. ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تەڭرىتاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەرقى پەقەت بۇتقا ئىشىنىش ياكى ئىشەنمەسلىكتە ئەمەس ئىكەن. بۇ پەرق ھۆرلۈك ۋە قۇللۇقنىڭ قايسىنى سۆيۈشتە ۋە قايسىغا كۆنۈشتە ئىكەن. بۇ پەرق ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلمەسلىكتە ئىكەن. تەڭرىتاغدا ياشايدىغان ئۇيغۇردا

مىللەتنىڭ كىملىكىنى سۆزلەپ بېرىدىغان تاش كىتابلار يوق ئىكەن. ئۇلارنى بىرلەشتۈرىدىغان ئۇيغۇرچە قانۇن، ئۇيغۇرچە يوسۇن، ئەجدادلاردىن قالغان ئۇيغۇرچە ۋەسىيەتلەر يوق ئىكەن. ئۆزىدىن بىر باشنى سايلاپ ئۇيۇشۇپ ئۇيغۇر بولىدىغان ئادەت يوق ئىكەن. شۇڭا ئۇلار قوشۇنغا ئايلىنىپ دۈشمەننى يېڭەلمەيدىكەن. شۇ سەۋەبتىن شەھەرلەرنى قۇم باسقاندا، خىتاي باسقاندا، سەۋەبنى قىلماي، تەدبىرنى ئەمەلىيەتتىن، ئەقلىدىن، ئۆزىدىن ئىزدىمەي بىردەم ئىباەتخانىغا يىغلىپ نوم ئوقۇيدىكەن. يەنە بىردەم بۇتقا سەجدە قىلىپ ياردەم تىلەيدىكەن، بىردەم خىتايدىن شەپقەت، دۈشمەندىن مەرھەمەت تىلەپ بىر - بىرىگە قۇۋلاشماي ياشاپ كېلىگىلىك ئىكەن.

تەڭرىتاغدا ئۇيغۇرنىڭ سانى ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇردىن قات - قات كۆپ ئىكەن. ئەمما ئۇلار ئۇيغۇر ئاتالغان بىلەن ئۇيۇشۇپ قوشۇن بولالمىغاچ دائىم بەزى تۇبۇتنىڭ، بەزى خىتاينىڭ، بەزى پارسىنىڭ ئۆزىدىن ئاز قوشۇنغا بوزەك بولىدىكەن. قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان دۈشمەن بىلەن خوتەنلىك سودا قىلىدىكەن، كۈسەننى باسقان تاجاۋۇزچى قوشۇنغا تۇرپانلىق ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن. ئۇلار ئۇيغۇرغا تەۋە بىر ۋەتەننى ئەمەس ھەر بىرى ئۆز ئۆيىنى ۋەتەن دەپ بىلىدىكەن. ئۆز شەھرىنى بىر دۆلەت دەپ قارايدىكەن. شۇڭا ئۇلا ئورتاق بىر ۋەتەن ئۈچۈن بىرلەشمەيدىكەن. ئۇلار ھەممە ئىنسانلارنى بۇتنىڭ قۇلى دەپ قاراپ ئۆزىنى ئۇيغۇرنىڭ بىر ئەزاسى دەپ تونۇمايدىكەن. شۇڭا قازناقتىكى بۇتنى چىڭ ساقلاپ، تۇرماي بۇتخانا قۇرۇپ مىللەتنى ساقلاشنى، ئەلنى قوغداشنى ئويلىمايدىكەن.

ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇردا ئەركىنلىك، مۇستەقىللىق، تەڭلىك مۇقەددەس ئىكەن. باشلىق سايلام بىلەن چىقىدىكەن، ھەر ئۇرۇقنىڭ سايلىغان بىر يولباشچىسى بار ئىكەن. ئۇرۇقلاردىن بىرلەشكەن قەبىلە يەنە سايلانغان بىر باشقا ئەگىشىدىكەن.



ئەمما تەڭرىتاغدىكى ئۇيغۇرنىڭ بۇتپەرەسلىرىدە بىر باش يوق ئىكەن، شۇڭا ھەممە ئادەم باشباشتاق ئىكەن. يۇرتلاردا بىر ئاقساقال يوق ئىكەن. كەنتلەردە بىر باشلامچى كەم ئىكەن، قەبىلە بار ئەمما بەگسىز ئىكەن.

ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇرلار تەڭرىتاغدىكى ئۇيغۇرلاردەك ھىندىچە نوملارنى بىلمەيدىكەن. بالىلار راھىپلارغا شاگىرت بولمايدىكەن. بۇتلارغا چوقۇنمايدىكەن. ئۆتۈكەنلىكلەر بۇتخانا سالماي، راھىپلارنى نوم ئوقۇتۇپ دۇئا قىلدۇرماي، ئۇلارنى تەختىراۋاندا كۆتۈرمەي تۇرۇپمۇ يەنە ئاپەت كۆرمەيدىكەن. ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرچە تاش كىتابلارغا ئەگىشىدىكەن. يىغىلىشتا ئەجدادلار تارىخىنى سۆزلەيدىكەن. كىچىك بالىلار تارغاق سۆڭەكلەرگە تاش كىتابتىكى خەتلەرنى يېزىپ ئۆگىنىدىكەن. ئوقۇغۇچىلارغا باخشىلار شامالنىڭ سىرىنى، يۇلتۇزنىڭ يولىنى سۆزلەيدىكەن. ئەمچىلەر چۆپلەردىن دورا ياساپ كۆرسىتىدىكەن. مەكتەپتە ئۇلارغا چېدىر ياساشنى، ئات مىنىشنى، چۆپ ئورۇشنى ئۆگىتىدىكەن.

ئەندىر بۇ پىكىرلەرنى يۇرتداشلارغا دەپ بەرمەكچى بوپتۇ. ئەمما ياقتۇرماسلاردىن ئەنسىرەپتۇ. ئۇ ئىككى يەردىكى ئۇيغۇرنىڭ پەرقىنى بىلگەن بىلەن، تارىملىق ئۇيغۇرغا يۇققان قۇللۇق كېسىلىنى تاپقان بىلەن داۋا تاپماق بىر مەسىلە ئىكەن. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ تارىم ۋە تەڭرىتاغدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرنى قۇللۇقتىن قانداق قۇتقۇزۇشنى بىلمەپتۇ. ئۇنىڭچە خىتايىنى قوغلاپ چىقارماق مۇمكىن ئىكەن. ھېچ بولمىسا خىتايدا خان ئالماشسا، قالايمىقان چىقسا قۇتۇلماق مۇمكىن ئىكەن، ئەمما زالىمغا قارشى

تۇرمايدىغان، تەڭسىزلىككە ئۆچلۈك قىلمايدىغان، ئادالەت ئۈچۈن مەيدانغا چىقمايدىغان، ھەقىقەتنى قوغدىمايدىغان، ئۆز تارىخىنى، تىلىنى، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى سۆيمەيدىغان قاشاڭلىقنى يوقاتماق ھەقىقەتەن مۈشكۈل ئىكەن.

## ئەركىنلىك چاقىرىۋاتىدۇ



ئەندى تاڭنىڭ قولىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ياردەم توپلاپتۇ. ئۇيغۇرنى قوزغاتماق ئۈچۈن ئۆتۈكەن يايلاقلىرىدا، سېلىنگا دەريا بويلىرىدا، بايقال كۆلى ساھىلىدا سەپەر قىپتۇ. قەيەردە بىر ئۇيغۇر قەبىلە بار دەپ ئاڭلىسا شۇ يەرگە بېرىپتۇ. تۆگە - كارۋانلاردەك سوزۇلغان ھىنگان تاغلىرىدا ئۇيغۇرلاردىن ئات، ئوزۇق ۋە ئەسكەر توپلاپتۇ.

ئۇرۇشقا كېرەكلىك ئات، ئادەم ۋە ئوزۇق تەييار بولغاندا ئەندى ئورخۇن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خانىغا مەكتۇپ يوللاپتۇ. پايتەختتە قۇرۇلتاي ئېچىلسا قوللاشقا ئېرىشمەك ئۈچۈن باخشى ئۇستازلار، ئاقساقاللار، ئەمچى ئالىملارنى ماقۇلغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۆتۈكەنلىك بەگلەرگە بىر - بىرلەپ ئىلتىماس سۇنۇپتۇ.

ئەندىر تارىمدىكى ئۇيغۇرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا چاقىرىق چىقىرىپتۇ. ئالىملا ۋە ئۇستاز باخشىلار بۇ چاقىرىقنى مەكتەپلەردە، ئوردىلاردا ۋە مەشرەپلەردە ئۇيغۇرغا چۈشەندۈرۈپتۇ. ئەندىر ئۆزى قىرمۇ قىر، سايمۇ ساي، يايلاقمۇ يايلاق كېزىپ چاقىرىقنى ئۇيغۇرغا بىلدۈرۈپتۇ.



ئەندىر قەيەرگىلا بارسا ئۇيغۇرلارغا تاش كىتابتىن سۆزلەپتۇ. ئۇلارغا تاش كىتابنىڭ مەڭگۈ تاش بولۇشتىكى سەۋەبنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ ئەجدادلار تاش كىتابقا يازغان مەڭگۈلۈك ۋەسىيەتلەردىن «ئۆملۈك بولماي ھۆرلۈك بولماس» دېگەننى ئەسكەرتىپتۇ.

ئەندىر ئورخۇن ئۇيغۇر ئوردىسىغا كىرگەندە خانلاردىن قالغان، مەڭگۈ تاشلارغا يېزىلغان «ئۇيغۇر ئۇيغۇرنىڭ قاياشى»، «ئۇيغۇرلۇق بولماي ئۇلۇغلۇق بولمايدۇ»، «ئېلى يوقنىڭ جېنى يوق»، «ئەلسىز مىللەت، يەلسىز كۆرەك» دېگەن ۋەسىيەتلەرنى خانلارغا، خانىشلارغا، شاھزادىلەرگە ۋە مەلىكەلەرگە چۈشەندۈرۈپتۇ.

ئەندىر ئۆتۈكەندىكى تونۇلغان باتۇرلارغا: «ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇرلۇقى جەڭدە بىلىنەر» دېگەن ماقالنى يېشىپ بېرىپتۇ. چېلىش قىزىيدىغان نورۇز ۋاقتىدا ئۇيغۇرلارغا: «چاشتانى ئېلىكبەگ»، «شىراق» دېگەن قەھرىمانلىق داستانلىرىنى سۆزلەپتۇ.

ئەندىر مەشرەپ، نورۇز ۋە سەيلىلەردە تارىمدىكى ئۇيغۇرلارغا، ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا ئاتالغان ئەسەرلەرنى يادلاپتۇ. ئۆتۈكەندە سۆيۈلگەن شائىر ئاپىرىنچۇر تېكىننىڭ «تارىم يىغلايدۇ» دېگەن داستانى ھەممە يەردە ناخشا قىلىپ ئوقۇلۇپتۇ.



ئەندىر قەيەرگىلا بارسا تارىمدىكى ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى سۆزلەيدىكەن. ئۇ ئۆتۈكەندىكى ھۆر ئۇيغۇرلارغا دائىم تاش كىتابقا ئەمەل قىلىشنى، ئەجدادلاردىن قالغان قانۇن - تۆرە ۋە ئۆگۈتلەرگە چىنپۈتۈشنى ئەسكەرتىدىكەن. ئۇ ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇرلارغا تاش كىتابلاردىكى «زېمىندا بىر ئۇيغۇر قۇل بولسا، پۈتكۈل ئۇيغۇرلار قۇلدۇر.»، «ئۇيغۇر ياشىسا ھۆر ياشايدۇ، ئۆلسە ھۆرلۈك ئۈچۈن ئۆلىدۇ، بىر ئۇيغۇرنىڭ پۈتىغا تىكەن كىرسە مىڭ ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكى قانايدۇ»، «ئوردا كۈل بولسا بولسۇن، ئۇيغۇر قۇل بولمىسۇن» دېگەن قۇرلارنى يېشىپ بېرىپتۇ.

ئەندىر 30 يىل چۈشەندۈرگەن چاقىرىقتىن ئاخىرى نەتىجە چىقىپتۇ. بۇ چاقىرىقلار دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنى ئويغا سالپتۇ، ئاندىن غەزەپكە كەلتۈرۈپتۇ. ئاخىرى ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى تارىمدىكى ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قوشۇن قۇرماقچى بولۇپتۇ. ئالدى بىلەن قۇرۇلتاي چاقىرىش قارارى چىقىپتۇ.

## قۇتۇلۇش قۇرۇلتىيى



دانىشمەن ئەندىرنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن بايانچۇر قاغان ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇرلارغا قۇرۇلتاي چاقىرىپتۇ. چاپارمەنلەر ھەر قايسى يۇرت ـ ئايماقلارغا خەۋەر بېرىپتۇ. قارلۇقلار، ياباقۇلار، مەركىتلەر، باغراشلار، دولانلار، ئوغۇزساقلار، ياغمىلار، تۈركمەنلەر، دولانلار، باسمىللار، ئىزگىللەر، چومۇللار، قىرغىزلار، قىپچاقلار، باشقىرتلار ۋە ئارغۇلاردىن بولۇپ بارلىق ئۇيغۇر ئۇرۇقلاردىن بەگلەر قۇرۇلتايغا كەپتۇ.

قۇرۇلتايدا ئەندىر سەھنىگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلەپتۇ. ئۇ: «تاش كىتابتا ئۇيغۇر ئەجدادلار تەڭلىك، ئەركىنلىك، قانۇن، ئەل ۋە ئىنسانلىقنى مۇقەددەستۇر دەپ يازغان ئىكەن. ئۇنىڭدا يەنە ئۇيغۇر يېرىگە قوراللىق ياتلار ۋە جەڭ ئاتلىرى كىرىشكە بولمايدۇ» دەپ پۈتۈلگەن. تەڭرىتاغنىڭ ئوك چېكىسىدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلار ھازىر خىتاينىڭ قولىدا، ئۇلارنىڭ ئەركى يوق.

ئۇلار ئۇيغۇرچە ئاڭدىن مەھرۇم، ئەلدىن مەھرۇم، ئۆزىنىڭ قانۇنى بويىچە ياشىيالمايدۇ، ھۆرلۈكى بولمىغان ئۇيغۇر بىزدە ئىنسان سانالمايدۇ. بىز تەڭرىتاغدىكى ئەلدىن قۇرۇق قالدۇق، خىتاي بىزنىڭ باغرىمىزنى، باغىمىزنى، ئىنسانلىقىمىزنى تارتىۋالدى. بوۋىلار بىر ئۇيغۇر قول بولسا بارلىق ئۇيغۇر قولدۇر دېگەن. ناۋادا خىتايىنى كۈچلۈك كۆرۈپ تەڭرىتاغدىكى ئۇيغۇرلاردىن كەچسەك بىز ئەجدادلاردىن قالغان بەش مۇقەددەسلىكتىن كەچكەن بولىمىز. تەڭلىك، ھۆرلۈك، قانۇن، ۋەتەن ۋە ئىنسانلىق بىزنىڭ بەش بارلىقىمىزغا ئوخشايدۇ. بۇ بەش بارماق بولمىسا، بىرلەشمىسە، بىرى كەم بولسا بىز نە قەلەم، نە قوشۇق، نە قىلىچ تۇتالمايمىز!» دەپتۇ. قۇرۇلتايغا قاتناشقان بەگلەر، ئاتامانلار، قوماندانلار خىتاي زۇلمىدىن غەزەپكە كەپتۇ. ئۇلار ئەجداتلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىدىن روھلىنىپ ئورۇنلاردىن دەس تۇرۇپ بۆرىدەك ھۇۋلىشىپتۇ.



قۇرۇلتاي تەڭرىتاغقا يۈرۈش قىلىشتا بىرلىككە كەپتۇ. ئەندىرگە جەنۇبتا كىرىيەدىن دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن بىر بۆلۈك قارلۇقلارنى قوشۇپ بېرىشنى قارار قىپتۇ. ئۇلار كىرىيەگە يوشۇرۇن بېرىپ ئۇ يەردە ياشايدىغان قارلۇق ۋە

قارامانلار بىلەن بىرلەشمەكچى بوپتۇ. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرنى ئازات قىلىش ئىكەن.



بايانچور خان قەشقەرگە ياباقۇلارنى ئەۋەتىپتۇ. بارچۇق دېگەن قوماندان ئۇ يەردىكى بارىن، مەركىت، توققۇزساق ۋە ئوغۇزساقلارنى ئۇيۇشتۇرماقچى بوپتۇ. بەگساق دېگەن ئاتامان باش بولغان ئارغۇ قوشۇنى ئارتۇچقا چۈشۈپ ئىنارچى ۋە ياغمىلارنى تەشكىللەشنى ئۈستىگە ئاپتۇ. ئاقسۇغا ئوغراقلار يۈرۈش قىلىپ ئۇ يەردىكى ئاقمانلار ۋە دولانلارغا قوشۇلماقچى بوپتۇ. كورلا تەۋەسىگە بۆگۈرلەر ۋە چومۇللار چۈشۈپ ئۇ يەردىكى چارۇقلار، باغراشلار بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلماقچى بوپتۇ. قومۇلغا قارلۇقلاردىن بىر قوشۇن مەسئۇل بوپتۇ. تۇرپانغا بارلىق قەبىلىلەردىن تاللانغان قوشۇن ئۇيغۇر دېگەن نامدا ھۇجۇم قىلماقچى بوپتۇ.

ئاۋرالنىڭ ئەۋلاتلىرى خانلىق قۇرماي ھەر قەبىلە ھۆر ياشاپتۇ. دۈشمەنگە قاشى بىر بوپتۇ، ئەمما بىر بىرىنى باشقۇرماپتۇ. بايانچور خان ۋاقتىدا ئۆتۈكەننىڭ ئەۋلاتلىرى بىلەن بىر ئەلدە ياشىغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ خانلىرى بىر، يايلاقلىرى تۇتاش، ئەسكەرلىرى ئوخشاش ئىكەن. شۇڭا ئۇ چاغدا ئىلى، چۆچەك، بەشبالىق، بورتالا ۋە ئالتايلار ئورخۇن ئۇيغۇر ئېلىگە مەنسۇپ بولۇپ، ھېچ قاچان دۈشمەنگە ئەل بولمىغان ئىكەندۇق.

# تاشنىڭ غەلىبىسى





ئەندىر قارلۇقلار ۋە ئۆزىگە ئەگىشىپ تارىمدىن چىققان ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇن بىلەن تەڭرىتاغدىن ھالقىپ كۈسەنگە چۈشۈپتۇ. كۈسەننى قۇتقۇزۇپ ئۇ يەردىن مىڭ ئۆيلەردىكى ئىسيانچى راھىپلارنى ئۆزىگە قوشۇپ كىرىيەگە يۈرۈش قىپتۇ. كىرىيەنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئاپتۇ ۋە بىر بوستانلىقتا چۈشۈپ قارارگاھ قۇرۇپتۇ. بۇ يەر كېيىن قۇماندان ئەندىرنىڭ نامىدا ئاتىلىپ قاپتۇ. ھازىرمۇ ئەندىر دېيىلىدىكەن.

ئەندىر باشلىغان قوشۇن ئۇزۇنغا قالماي چىرا ۋە نىيەلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، لوپ ۋە خوتەنگە قاراپ يۈرۈش قىپتۇ. چىرا بىلەن لوپ ئارىلىقىدىكى چۆل قوشۇننى سۇسىز قىيناپتۇ. خوتەنگە يۈرۈش قىلغان قوشۇن يولدا چاڭقاپ كېتىپ ئاغزىغا تاش سېلىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن دۈشمەن ئايغاقچىسى خىتاي

قۇماندانغا ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ ئاغزىغا قاشتاش سېلىپ باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ختايلار قاشتاشنى كېسەل داۋالايدۇ، يامانلىقتىن ساقلايدۇ، ئۆلۈمدىن قوغدايدۇ، چاقماق چاقتۇرالايدۇ، ئوت قويالايدۇ دەپ ئىشىنىدىكەن. قۇماندان قاشتاش چىشلەپ كېلىۋاتقان ئەسكەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قورقۇپ تاماقتىن قاپتۇ. قاشتاشنىڭ سېھرىدىن قورقۇپ ئۇنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قاپتۇ.

باش قۇماندان ختاي ئۇششاق قۇماندانلارنى يىغىپ كېڭەش قىپتۇ. ئۇلار بىردەك مەسلىھەت قىلىپ بىر پىكىرگە كەپتۇ. ئۇلار: ئۇيغۇرلار ئاغزىغا قاشتاش سالغان بولسا بىزنى چاقماق چاقتۇرۇپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرىدۇ، دەپ قورقۇپ خوتەننى، لوپنى ۋە باشقا شەھەرلەرنى تاشلاپ قېچىپتۇ.





ئەندىرنىڭ ئەسكەرلىرى قاچقان دۈشمەننى قوغلاپ قىرىپتۇ. ئۇنىڭ قىزى جىيامۇ باتۇرلارغا ئەگىشىپ دۈشمەننى قوغلاپ ئات ساپتۇ. ئەمما بەك ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكىنى ئۈچۈن ئوق تېگىپ قۇربان بوپتۇ. ئەندىر قىزىنى خوتەن شەھىرىگە يېقىن

بىر دۆڭگە دەپنە قىپتۇ. كېيىن بۇ يېزا جىيانىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

ئەندىرنىڭ قوشۇنى يول بويى شەھەر ۋە يېزىلارنى خىتاي قوشۇنىدىن تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، شۇ قاراقاش دەرياسى ئەتراپىنى ماكان قىپتۇ. قوشۇندا كۆسەنلىك ئەسكەرلەر ۋە تاغچى راھىپلارنىڭ سانى خېلى كۆپ بولغاچقا جىيادىكى بىر مەھەللە كۆسەن دەپ ئاتىلىپ كېيىنچە كۇچا بولۇپ قاپتۇ. بىر قانچە يىلغا قالماي ئۇيغۇر دۆلىتى ئەۋەتكەن قوشۇنلار تاڭنىڭ تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن پۈتۈنلەي پاكىزلەپتۇ. ئۇيغۇرلار يەنە بۇرۇنقىدەك كارۋان يولىدا ساھىپخانلارغا ئايلىنىپتۇ.



## كۆچ - كۆچ دېگەن تۈگىمەس ناخشا




646 ـ يىلى تۇمىد قاغان قۇرۇپ چىققان ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى يىللار ئىچىدە كۆچلىنىپتۇ. بايانچۇر خان دەۋرىدە دۆلەت ئاسىيادا ئەڭ كۈچلۈك بىر ھالغا كەپتۇ. شۇڭا ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى دۇنيادا ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى دەپمۇ ئاتالغان ئىكەن.

830 ـ يىللارغا كەلگەندە ئورخۇندا تۇيۇقسىز يۇقۇملۇق كېسەل تارالپتۇ. بۇ كېسەل پۈتكۈل ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدە يېيىلغان يۇقۇملۇق كېزىك ئىكەن. كىشىلەرنىڭ ئاۋۋال

ئچى سۇرۇپ ئاندىن قىزىتمىسى چۈشمەيدىكەن. ئاندىن بىر - بىرلەپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن. بۇ كېسەلدە ئۇيغۇرلار قىرىلىپ كېتىشكە باشلاپتۇ. ئەمچى، باخشى ۋە ئوتاچىلارنىڭمۇ چارىسى بولماپتۇ.

كېزىك بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن شەھەر ۋە بازار، يېزا ۋە قىشلاقلاردا ئادەم قالماپتۇ. بىر پۈتۈن دۆلەتتە جەسەتلەرنى كۆمىدىغان ئادەم قالماپتۇ. كوچىلار قۇرۇقدىلىپ لالما ئىتلارغا ماكان بوپتۇ. يۇرتلار چۆلدەرەپ سارايلار بوشاپ قاپتۇ. ئوردىلاردا قارغىلار ئۇۋا ياساپتۇ.



شۇ يىلى قىشتا قار ياغماي باھاردا دەريالارغا سۇ كەلمەپتۇ. يازدا چارۋىلار سۇسىز ئۆلۈشكە باشلاپتۇ. ئادەملەر گۆش - ياغ دېگەننى كۆزىگە سۈرگىدەك بولۇپ كېتىپتۇ. زىرائەتلەرمۇ سۇسىز قۇرۇپ ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ. ئاچ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە يېقىنراق خىتاي شەھەرلىرىگە كۆچۈشكە باشلاپتۇ. يۇرتتىكى چوڭلار بۇنىڭغا قارشى چىققان بولسىمۇ ئامال بولماپتۇ. چۈنكى ئۆتۈكەندىكى ئۇيغۇرلارغا ئەڭ ئاسان ۋە تېز بارغىلى بولىدىغان شەھەرلەر خىتاي يۇرتلىرى ئىكەن.

بۇ ئاپەتلەرنى پۇرسەت بىلگەن قىرغىز قوشۇنى ئۆتۈكەنگە قاراپ يۈرۈش قىپتۇ. قىرغىزلارنىڭ خىللانغان قوشۇنى قىلغان بىر قېتىملىق ھۇجۇمدا ئۇيغۇر قوشۇنلار پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇپتۇ. بۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئۇيغۇر دۆلىتى يىقىلىپتۇ.





ئۇيغۇر دۆلىتىدە كىشىلەر كېسەللىك، ئاچارچىلىق ۋە ئۇرۇشتىن قورقۇپ تۈركۈم - تۈركۈم بويىچە تەرەپ - تەرەپلەرگە قاراپ يۆتكىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرى قۇرۇلتاي چاقىرىپتۇ. قۇرۇلتايدا كۆچۈش قارارى ھەممەيلەننىڭ دىلىغا يېقىپتۇ. قەيەرگە كۆچۈش مەسىلىسىدە ئۇلار بىر قارارغا كەپتۇ. ئۇلار ئانا ماكان تارىمدا مۇقان دېگەن بوۋىسىدىن قالغان يۇرتلارنى پاناھ تارتىپ بارماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇرپان، ئوتۇن ۋە تۇمەن دېگەن ئۈچ ئوغۇلغا قالغان يۇرتلارنى كۆزلەپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۆچۈشنى باشلاپتۇ.

839 - يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خان جەمەتىگە ئەگەشكەن توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر ۋە سارىغ ئۇيغۇر قاتارلىق

15 قەبىلە ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ كۆچۈپتۇ. ئۇلار كۆچكەندە ھەر قەبىلە بىر چوڭ كارۋان بولۇپ ماڭغاچقا بارغانلا يېرىدە يۇرتلارنى قولغا ئاپتۇ.

ئۇيغۇرلار بىر يىلغا قالماي كۆچۈشنى تاماملاپتۇ. ئۇلار گەنجۇ يايلىقى، تارىم ئويمانلىقى، يارىش ئويمانلىقى ۋە بۈگۈنكى پامىر تاغلىرىغا جايلاشقان قېرىنداشلار يېنىغا جايلىشىپتۇ. يېڭى يەرلەردە يەنە يېڭىدىن شەھەرلەرنى قۇرۇپتۇ.

ئۇلاردىن تۈمەننى ئىزدەپ ماڭغانلار بۈگۈنكى قەشقەر، يەتتە سۇ، كۆكئارت، پەرغانە دېگەن يەرلەرگە ئورۇنلىشىپتۇ. ئۇلار ئەجدادى ئالىپ ئەرتوڭادىن قالغان قەدىمى شەھەر قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ قاراخان دېگەن نامدا دۆلەت قۇرۇپتۇ. تۇرپاننى ئەسلەپ كۆچكەنلەر ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دېگەن نامدا بىر دۆلەت قۇرۇپتۇ. ئوتۇنغا سىغىنىپ ماڭغانلارنىڭ بىر قىسمى چارقىلىق، چەرچەنلەردىن ئۆتۈپ قاراقاش ۋە يورۇڭقاش دەرياسى ۋادىلىرىغا يېتىپ بېرىپتۇ. يەنە بىر قىسمى گەنجۇ يايلاقلىرىدا، تىلەن تاغلىرىدا تۇرۇپ قېلىپ سارىغ ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇپتۇ.



دادام كىتابنى قويۇپ بىر پىيالە چاي ئىچتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە خوتەندە ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇق ۋە قارامان قەبىلىسى ياشاپ كەلگەن ئىكەن. شۇڭا كىرىيەدە ھازىرمۇ قارلۇق، قارامان ئىسىملىك يەرلەر بار ئىكەن. فارابىي خوتەندىن ھازىرقى قازاقىستاندىكى ئوتىرار شەھىرىگە كۆچۈپ بارغان قارلۇقلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. ئاقمان، قارامان دېگەن يەرلەر يەنە قەشقەر، قومۇل، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلەردىمۇ بار ئىكەن. قەشقەردىكى يوپۇرغا، مەركىت دېگەن

ناھىيەلەرنىڭ ئىسمى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يابارقۇ، مەركىت دېگەن قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن ئىكەن. بۈگۈنكى قەشقەر ۋە قىزىلسۇغا تەۋە بارىن نامىدىكى يېزىلارنىڭ نامى بارىن قەبىلىسى بىلەن باغلىق ئىكەن. ئاقسۇدا ئاساسلىق دولان ۋە قارلۇق ئۇرۇقىغا مەنسۇپ ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان ئىكەن. باغراش كۆلىنىڭ ئىسمى قەدىمكى باغراش قەبىلىسىگە تۇتاش ئىكەن. لوپنۇر ۋە قومۇلدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلكە، چارۇق، چومۇل، قارلۇق قاتارلىق قەبىلە ۋە ئۇرۇقلىرى ماكانلاشقان بولغاچقا ھازىرغىچە بۇ يەرلەردە شۇنداق جەمەتلەر ۋە يەر ناملىرى بار ئىكەن. دادام تۇغۇلغان ئوغۇزساق ئوغۇز ساقلىرى ماكانلاشقان يەر بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز ساق قەبىلىسىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ئىكەن. ساقلار يەنە ئارتۇچ ۋە كۇچادىمۇ ماكانلاشقان ئىكەن. شۇڭا ئارتۇچتا ئىكساق، تۆگساق، كۇچادا ساقساق دېگەن يەرلەر بار ئىكەن.

## ھەقىقەت نەدە



پامىر ئەتراپىغا، پەرغانىگە ۋە قارا قورۇم باغرىغا كۆچكەن

ئۇيغۇرلار كۈچلۈك بىر خانلىق قۇرۇپ چىقىپتۇ. كۆل قادىرخان قەشقەرنى يېڭىدىن قايتا ياساپ ئوردا ساپتۇ. يېڭى قەشقەر بۇرۇنقى يا ئېلىپ كەتكەن قەشقەردىن يىراق ئەمەس ئىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ چېگراسى بۈگۈنكى بۈگۈرگىچە سوزۇلغان ئىكەن. قەشقەر قىشلىق پايتەخت بوپتۇ، بۈگۈنكى قازاقىستانغا تەۋە بالاساغۇن يازلىق پايتەخت بوپتۇ.

ئورخۇن بويىدىن تۇرپان ئويمانلىقىغا چۈشكەن ئۇيغۇرلار پان تېكىننى ئىدىقۇت قىلىپ تىكلەپتۇ. ئىدىقۇت دېگەن خان دېگەن سۆز ئىكەن. قوچۇ قىشلىق پايتەخت بوپتۇ. يازلىق پايتەختنى بەشبالىقتا قۇرۇپتۇ. ئۇ چاغدا كۇچا، قوچۇ، بەشبالىق، جانبالىق بۇددا دىنى مەركەزلىرى ئىكەن. بۇ يەرلەردە يەنە خرىستىيان دىنىنىڭ بىر تارمىقى بولغان نىستۇرى مۇخلىسلىرى ياشايدىكەن.





قەشقەردە دۆلەت قۇرغان خانلار بىلەن قوچۇنى پايتەخت قىلغان خانلار ئۆزىنى قەدىمكى ئۇيغۇر خاقانى ئالىپ ئەرتوڭا ئەۋلادلىرى دەپ بىلىدىكەن. قەشقەر ئالىپ ئەرتوڭا قۇرغان شەھەر بولغاچقا ئۇيغۇردا بۇ يەردە تەختكە چىققان خان پەرقلىق ئاتالغان ئىكەن. شۇڭا قەشقەردىكى خانلار ئۆزىنى بۆيۈك،

يۈكسەك، ئۇلۇغ دېگەن مەنىدە قاراخان دەپ ئاتاپتۇ. ئۇلار قۇرغان دۆلەتمۇ قاراخانىيلار دۆلىتى دېيىلىپتۇ. ئۇ چاغدا قەشقەردە مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلار كۆپەيگەن ئىكەن. ئۇ چاغلاردا قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ مۇنبەت يېرى بولغان پەرغانەدە ياشايدىغان كىشىلەر پۈتۈنلەي مۇسۇلمان تۈرك قەبىلىلەر ئىكەن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇسۇلمان، خىرىستىيان ۋە بۇتپەرەسلەرنىڭ بولۇشى خانلارنى ئويغا چۆكتۈرۈپتۇ. ئالىملار ئارىسىدا بۇددا، خىرىستىيان ۋە ئىسلام دىنلىرى ھەققىدە قىزغىن مۇنازىرە بوپتۇ. شۇنداق مۇنازىرە ۋە سۆھبەتلەرگە داۋاملىق بارىدىغان بىر كىشىنىڭ ئىسمى ئۇزلۇغ ئىكەن.

ئۇزلۇغ خوتەندە چوڭ بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇتقا ئۆچ ئىكەن. شۇڭا ئۆتۈكەندىن كەلگەن دىنسىز ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىن ئىكەن. ئۇلار يېڭى كەلگەندە بۇتقا قارشى ئىكەن. ئەمما خوتەنگە كەلگەن ئۆتۈكەنلىكلەر بارا - بارا بۇتپەرەس بولۇپ كېتىپتۇ. بۇتقا قارشى تۇرغانلارمۇ كېيىنچە پىكرىدە داۋاملىق تۇرۇشقا ئامالسىز قاپتۇ. خوتەن ئۇ چاغدا بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپى گۈللەنگەن يەر ئىكەن. شۇڭا دۇنياغا خوتەن ماھاچىن دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئىكەن. خوتەندە بۇددا مەكتەپلىرى داڭلىق ئىكەن.

ئۇزلۇغ خوتەندە بۇتقا ئىشەنمەي ياشاشقا كۆزى يەتمەپتۇ. چۈنكى بۇتسىز ئۆي، بۇتخانا يوق كوچا يوق ئىكەن. ھەر داستىخاندا بۇتنىڭ گېپى بولماي تاماق يېيىلمەيدىكەن. ھەر ئائىلىدىن بىر بالا بارلىق نوملارنى يادا بىلىدىكەن. كىشىلەر ئىش باشلاشتا بۇتقا بىر تازىم، تۈگەتكەندە ئۈچ تازىم قىلىدىكەن. ئەمما كىشىلەر بىر كۈنگە ۋەدە بەرگەن ئىشنى بىر ئايدىمۇ پۈتكۈزۈپ بەرمەيدىكەن. بۇتخانا بىلەن تولغان كوچىلاردا كىشىلەر بىر تەڭگە ئۈچۈن مىڭ قېتىم يالغان سۆزلەيدىكەن.

كىشىلەر ئارا داستىخاندا كەم بولمىسا شۇ كىشىگە قاپقان قۇرۇلىدىكەن. شاھلار پۇقرانى ئەزسە بۇتپەرەس ئۇستازلار شاھقا يان باسىدىكەن. ئۇلار شاھنىڭ بۇيرۇقى بۇتنىڭ بۇيرۇقىدۇر دەپ پەتىۋا بېرىدىكەن.

ئۇزلۇغ بۇتقا ئىشىنەي دېسە، دىنغا ئىشەنگەن خەقنىڭ ھالى شۇ. دىندا گۇناھ يوق دىنداردا گۇناھ دەپ يەنە ئىشىنەي دېسە ئۆزىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان دىنىنىڭ ھالى تۆۋەن، بۇ بىچارە دىن يا يالغانچىنى رەسۋا قىلمايدىغان، يا تۆھمەتخورنىڭ تىلىنى چاقالمايدىغان، ئۇ دۇنيادىكى جازاسىدىن باشقا يامانلىقنى توساشقا ھېچ بىر كۈچى يوق دىن ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ لايىدىن ياسىغان ھەيكەلگە خۇدا دەپ باش قويغۇسى كەلمەپتۇ. بىراقلا ئىشەنمەي دېسە، تېخى خەقلەر بىلەن دوس، قوشنا ۋە چوپقەت بولغىلى بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆرۈنمەس كۈچلۈك بىر خۇدانى، ياسىغلى بولماس بىر ئىلاھنى، ئۆزگەرمەس بىر ھەقىقەتنى ئىزدەپ سەپەرگە چىقىپتۇ.



ئۇزلۇغ ھەقىقەت ئىزدەپ بىر ماڭغانچە پايتەخت قەشقەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ چاغدا بازىر قاراخان باغداتقا بارىدىغان بىر مۇسۇلمان كارۋانغا قوغدايدىغان ئەسكەر ئالغان ئىكەن. ئۇزلۇغ ئەسكەر بولۇپ قەشقەردىن بالاساغۇنغا كېتىپتۇ.

كارۋانغا ئۈچ ئاي ئەگەشكەن ئۇزلۇغ ئاخىرى مۇسۇلمان بوپتۇ. سەۋەبى ئۈچ ئايدا ئۇزلۇغ مۇسۇلمان ئاتالغان بۇ كىشىلەرنىڭ ھېچ بىرىنىڭ يالغان سۆزىنى ئاڭلىماپتۇ. ۋەدىسىدىن يانغان بىرمۇ مۇسۇلماننى كۆرمەپتۇ. بايغا پۈكۈلگەن، زوراۋاندىن قورققان، خانغا باش ئەگكەن بىرمۇ مۇسۇلمانغا دۇچ كەلمەپتۇ.

124

شۇنىڭ بىلەن ئۇ، يالغانچىغا يول قويمايدىغانلار، ساختا سۆزلىمەيدىغانلار ئىشەنگەن دىنىنىڭ ئىسمى ئىسلام بولسا مەن كىرەي دەپ مۇسۇلمان بولغان ئىكەن.

ئۇزلۇغ باغداتتىن قايتىپ ئوترارغا كەلگەندە ئىسلامدا ئوقۇشنى قارار قىپتۇ. ئۇ ئوترار دېگەن شەھەردە مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرىپتۇ. ئۇ چاغدا ئوتراردا مەكتەپ، تىجارەت مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا ئىكەن. ئەمما ئۇستازنىڭ ئۆگەتكەنلىرى ئۇنىڭغا ئەرەپ توقۇغان رىۋايەتتەك تۇيۇلۇپ زېرىكىپتۇ. ئاخىرى ئۇ ھەقىقەت بۇ ئۇستازدا ئەمەسكەن دەپ ئويلاپ ھەقىقەت ئۈچۈن يەنە يۈرۈپ كېتىپتۇ.



ئۇزلۇغ مۇسۇلمان بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي سەپەرنى تۈگىتىپ قىشلىق پايتەخت قەشقەرگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ قەشقەردە ئىسلامنى تارقىتىشقا باشلاپتۇ. ئۇ يەنە باشقا مۇسۇلمان ئالىملار، خىرىستىيان ئۇستازلار ۋە بۇددا راھىپلار بىلەن سۆھبەت قۇرۇپتۇ. ئۇزلۇغ دىن تارقىتىش، مۇنازىرە قىلىش داۋامىدا ئۆزىنىڭ بىلىمسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئىسلامنى ھەق دېيىش ئۈچۈن ھەقىقەتنى بايقاشقا تېخىمۇ كۈچەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپ ئوقۇش، ئىسلامنى چوڭقۇر بىلىش ئۈچۈن ئوترارغا قايتىپ كەپتۇ.

# بالا ئالىم





ئۇزلۇغ دېگەن كىشى دۇنياغا ئەلفارابىي دەپ بىلىنگەن، ئالىملار ئارىسىدا ئارىستوتىلدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئۇستاز بولۇپ تونۇلغان فارابىينىڭ بوۋىسى ئىكەن. فارابىنىڭ بالا ۋاقتىدىكى ئىسمى ئەسلىدە مۇھەممەد ئىكەن. دادىسى تارخاننىڭ ئېيتىشىچە ئۇنىڭغا ئىسلامدىكى ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى قويۇلغان ئىكەن. بۇ ئىسىمنى ئۇنىڭغا بوۋىسى ئۇزلۇغ قويغان ئىكەن. فارابىي ئۇنىڭغا ئەرەب ئۇستاز قويۇپ قويغان لەقەم ئىكەن. ئۇ سىر دەريا بويىدىكى ئوترار دېگەن شەھەردە تۇغۇلغان بولۇپ، ئەرەبلەر بۇ يەرنى فاراپ دېيىشىدىكەن. فارابى دېگەن ئەرەبچە فارابلىق دېگەن بولىدىكەن.

مۇھەممەت سەككىز ياشقا كىرگەندە بۇخارادا مەدرىسكە كىرىپتۇ. دەرسنىڭ تۇنجى كۈنى ئۇستازى ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىسمىنى ۋە يۇرتىنى سوراپتۇ. ئۇ يۇرتىنى ئوترار دەپتۇ، ئۆزىنى تارخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇ چاغلاردا ئەرەبلەر ئوترار شەھىرىنى فاراب دەيدىكەن. ئەرەبلەردە كىشىلەرنىڭ ئىسمىغا يۇرتىنى قوشۇپ چاقىرىدىغان ئادەت بار ئىكەن، شۇڭا ئۇستازى ئۇنى فارابىي دەۋاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمى يۇرتتا فارابىي بولۇپ قاپتۇ. ئاتا - ئانىسى

بولسا ئۇنىڭ مۇھەممەد دېگەن ئەرەبچە ئىسمىغا تىلى كەلمەي مەخەم دەپ چاقىرىدىكەن.

مۇھەممەد توققۇز يېشىدا بۇخارادىكى مەدرىستە قارى بولۇپتۇ. شۇنداقلا ئۇ ئەرەبچە شېئىرلارنى، قىسسە ۋە تارىخ كىتابلارنى ئوقۇيدىغان بوپتۇ. ساۋاقداشلىرىغا بەزىدە قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى ئۇيغۇرچە ئۆرۈپ بېرىدىكەن. ھەر ئاخشىمى ئۇزلۇغ بوۋاي مۇھەممەد ئۇيغۇرچە ئوقۇپ بەرگەن قۇرئاننى تىڭشايدىكەن. ئەرەبچە قۇرئاننى ئۇيغۇرچە ئوقۇيدىغان بۇ بالا ئۇزاق ئۆتمەي بۇخاراغا بالا ئالىم دەپ تونۇلغان ئىكەن.



فارابىينىڭ ئەرەبچە ئايەتلەرنى ئۇيغۇرچە ئۆرۈپ ئوقۇپ بېرىشىگە ئۇزلۇغ بوۋاي بەكمۇ ئامراق ئىكەن. ئۇزلۇغ مەدرىستە ئوقۇغاندا ئۇستازى ئۇنىڭغا ئەرەبچە ئايەتنىڭ مەنىسىنى پارسچە يېشىپ بەرگەن ئىكەن. ئۇزلۇغ پارسچە بىلمەي، ئەرەبچىنى تېخى چۈشەنمەي ئوقۇشتا ئىلگىرى باسمىغان ئىكەن. ئۇزلۇغ ئۇستازىدىن نېمىشقا ئايەتلەرنى ئۇيغۇرچە دېسە بولمايدۇ دەپ سورىسا ئۇستازى «مەن ئېلىپ دېسەم ئېلىپ، چوماق دېسەم چوماق دەيسەن» دەپ قورقۇتقان ئىكەن. ئۇزلۇغقا ئەرەبچىدىكى تاياقتەك تۈز ئەلىف ھەرپىنى توشقان ئۆۋلايدىغان ئەگرى چوماق دېيىش يالغانچىلىق تۇيۇلۇپ ئوقۇشنى تاشلىغان ئىكەن.

# باغداتتا ئوقۇيمەن





11 ياشقا كىرگەن مۇھەممەد بىر كۈنى ئۇ ئۇستازىغا ئەقىل زادى قەيەردە، ھايۋانلاردىمۇ ئەقىل بارمۇ؟ `جان دېگەن زادى نېمە؟ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جېنى بارمۇ؟ بەخت دېگەن نېمە؟ ئادەمنى نېمە بەختلىك قىلىدۇ؟ ئالەمنىڭ چېكى بارمۇ؟ ھايۋانلارنىڭمۇ تىلى بارمۇ؟ ئىنسان نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟ دېگەن سوئاللارنى سوراپتۇ. ئۇستازى ئاڭلاپ مەڭدەپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

مۇھەممەد شۇ كۈنى ئۇستازىنىڭ ئاۋۋال قىزىرىپ، كېيىن تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇستاز: ھەممە سوئالنىڭ جاۋابى قۇرئاندا بار، ئاللاھ قۇرئاندا بارلىق جاۋابنى تولۇق بېرىپ بولغان، ئىنسان ئاللاھ بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلەلمەيدۇ. ئارتۇقچە سوئاللارغا باش قاتۇرماي

قۇرئاننى كۆپرەك تەكرار قىل. ئاللاھتىن ئىلىم ئاتا قىلىشىنى تىلە، سەجدىگە بارمىغان باشقا مۇشۇنداق شەيتاننىڭ سوئاللىرى كىرىۋالىدۇ، دېگەنلەرنى سۆزلەپ قايناپ كېتىپتۇ.



شۇندىن كېيىن مۇھەممەدنىڭ ئۇستازىدىن ۋە دەرسلەردىن كۆڭلى سۇ ئىچمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەدرىستىن قېچىپتۇ. ئۇ ئۇستازىدىن بەكرەك ئوترارىدىكى بازاردا راۋاپ چالىدىغان قەشقەرلىك ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنى داستانچى دەپ ئاتايدىكەن. بۇنداق داستانچىلار ئوتراردا كۆپ بولۇپ، بازارمۇ بازار كېزىپ راۋاپ چېلىپ قوشاق توقۇيدىكەن، بەزىدە دار باغلاپ ئويۇن قويىدىكەن. مۇھەممەد ئۇلاردىن ئالپ ئەرتوڭا، ئوغۇزخان، بىلگە تونيۇقۇق، ئۇيغۇر دۆلىتى دېگەنلەرنى ئاڭلايدىكەن.



مۇھەممەد بىر كۈنى داستانچىلاردىن كۆچ - كۆچ رىۋايىتىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇزۇن يىللار بۇرۇن ئۇيغۇرلاردا ۋابا تارقالغان ئىكەن. ھەر تەرەپتىن دۈشمەنلەر ھۇجۇم قىلىپ ياشاش تەسلەشكەن ئىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر دۆڭدىن كۆچ - كۆچ دېگەن سادا چىقىپ ئۇيغۇرلار كۈن پېتىشقا قاراپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ كۆچۈپتۇ. مۇھەممەدكە بۇ گەپلەر بەكمۇ سىرلىق بىلىنىپتۇ. ئۇنىڭغا كېچىلىرى دۆڭلەردىن ئۆتكەندە قۇلىقىغا كۆچ - كۆچ دېگەن ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك بولىدىكەن. بۇ كۆچ - كۆچ رىۋايىتى ئۇنىڭغا بوۋىسىنى ئەسلىتىپتۇ. بوۋىسى ئۇنىڭغا بىز خوتەننىڭ قارلۇق دېگەن يېرىدىن كۆچۈپ كەلگەن دېگەن ئىكەن.

داستانچىلارنىڭ ئىچىدە كۈن چىقىشتىكى قەشقەردىن ۋە كۈن پېتىشتىكى باغداتتىن كەلگەنلەر كۆپ ئىكەن. ئۇلارنىڭ سۆزلەيدىغانلىرى بەكمۇ ئاجايىپ ئىكەن. قەشقەرگە بارغانلار ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى ھېكايە قىلىدىكەن. ئۇ يەردە قۇيۇلغان توپ - زەمبىرەكلەر، توقۇلغان يىپەك - ئەتلەسلەر، يۇڭ رەخت ۋە گىلەملەر، ئۈجمە قوۋزىقىدىن ياسالغان خوتەن قەغەزلىرى، سىپتا كەشتە ۋە كانۋاي كۆڭلەكلەر ھەققىدە يېڭىلىقلارنى كۆتۈرۈپ كېلىدىكەن.

كۈن پېتىشقا بېرىپ كەلگەنلەرنىڭ داستانلىرىدا يېڭىلىقلار كۆپ ۋە تېخىمۇ قىزىقارلىق ئىكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئەپلاتون، ئارىستوتىل، كەربالا چۆلى، باغدات مەدرىسلىرى، باغداتتىكى ھېكمەت ئۆيى دېگەنلەرنى كىچىك فارابىي شۇلاردىن ئاڭلىغان ئىكەن. ئۇنىڭغا ھېكمەت ئۆيى دەپ ئاتالغان ئۆيدە بارلىق بىلىملەرنىڭ ھەممىسى جۇغلانغاندەك بىلىنىدىكەن. ئۇنىڭغا ئۇستازىدىن ئالالمىغان سوئاللارنىڭ جاۋابى ھېكمەت ئۆيىدە باردەك تۇيۇلىدىكەن. ھېكمەت ئۆيى ئۇنى باغداتقا تارتىپ تۇرىدىكەن. باغدات ھەۋىسى ئۇنى ئارام ئالغۇزمايدىكەن.



مۇھەممەدنىڭ باغداتقا بارىمەن، دېگىنى دادىسىنى ئىككىلەندۈرۈپ قويۇپتۇ. ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش ئاپتۇ. ئۆيدە بولۇۋاتقان مەسلىھەتنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان بوۋىسى ئۇزلۇغ بوۋاي مۇھەممەدنى ماختاپ كېتىپتۇ. ئۇ: مەھەللىدىكى باللار ھېكمەت، بىلىم، سەنئەت دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمەي يۈرۈيدۇ،



ئۇلار ھە دېسە قايسى باغدا ئالما، قايسى ئېتىزدا تاۋۇز پىشقاندۇ دەپ پۇراپ تاپىدۇ. مېنىڭ نەۋرەم قالتىس ئادەم بولىدۇ، بىز مۇھەممەدنى باغداتقا ئوقۇشقا ئۇزىتايلى، ئۇنىڭ سەپەرگە رازىلىق بېرەيلى. ئىككىڭلار بارالمساڭلار مەيلى، مەن مۇھەممەدنى ئېلىپ باغداتقا يولغا چىقاي، دەپتۇ.



تارخان ئوغلىنى باغداتتا ئوقۇتۇش ياكى يېنىدا تۇرغۇزۇپ ئورنىغا قۇماندان ياكى بىرەر ئەمەلدار قىلىشنىڭ ئارىسىدا ئىككىلىنىپ قالغان ئىكەن. تارخان ئوردىدا قۇماندان بولغاچقا ئوغلىنى ئۆزىگە ۋارىس قىلىشنى ئويلايدىكەن. ئۇ ئوغلىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ يات شەھەر باغداتتا مۇساپىر بولۇشنى خالىمايدىكەن. بىر قۇمانداندىن بىر سەرسانغا ئايلىنىش ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەستەك تۇيۇلىدىكەن. شۇڭا ئۇ ئىككىلىنىپ قالغان ئىكەن.

مۇھەممەد بوۋىسى بىلەن سەپەر ھازىرلىقىنى پۈتكۈزۈپ كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە باغداتقا قاراپ يول ئاپتۇ. مېھرىبان ئانا بالسۇ ۋە سۈرلۈك، ئەمما باغرى يۇمشاق دادا تارخان ئۇلارنى توسۇپ قالالماپتۇ. ئۇلار مۇھەممەدكە ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىلىپ بوۋىسىغا قوشۇپ ئۇزىتىپ قاپتۇ.

# بالامنى ئوقۇتاي





مۇھەممەد باغداتقا كەتكەندىن كېيىن تارخان ۋە بالىسى ئوغلىنى بەك سېغىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ تولا چۈشلىرى بۇزۇلۇپ كېچىلەرنى ئەنسىزلىكتە ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپتۇ. تارخان يات تۇپراقلاردا سەرسان بولغان ئوغلىنى ھەر ئويلىسا ئالتۇن تەختتە چوغدا ئولتۇرغاندەك بىئارام بولىدىكەن.

بىر كۈنى تارخان ئۈستىدىكى كۈمۈش ساۋۇتلىرىنى سېلىپ تاشلاپ ئوردىدىن ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئېرىنىڭ مۇشۇ قارارىنى كۈتۈپ تۇرغان بالىسى دەرھال سەپەرگە جابدۇپتۇ. شۇ كۈنى ئۇلار باغداتقا قاراپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. يولدا لازىملىق ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى ئالغاندىن باشقا بىر خالتا تۇپراقنى يۈدۈۋاپتۇ. بۇ تۇپراقنى بوۋىسى خوتەندىن ئوترارغا كۆچكەندە يۈدۈپ كەلگەن ئىكەن. ئۇيغۇرلاردا سەپەرگە چىققاندا ئۆز يۇرتىنىڭ توپىسىنى ئېلىپ ماڭىدىغان ئادەت بار ئىكەن. ئۇلار ناۋادا

يات يەرلەردە ئاغرىق تارتىپ قالساق بەدىنىمىزگە سۇۋايمىز، ئۆلۈپ قالساق، ئاستىمىزغا چاچساق ئۆز تۇپراقتا ياتقان بولىمىز دەپ ئويلايدىكەن.

مۇھەممەد ۋە ئۇزلۇغ بوۋاي باغداتقا بارغاندىن كېيىن سۇ ئىلغاپ بەدەنلىرىگە چاقا چىقىپ يىرىڭلاپ كەنكەن ئىكەن. تارخان بىلەن بالىسۇ ئۇلارنى باغداتتا تېۋىپلارغا كۆرسىتىپتۇ. ئەمما ھېچ بىر تېۋىپ كېسەلنى تاپالماپتۇ. بىر كۈنى بوۋاي خوتەندىن يۈدۈپ كەلگەن تۇپراقنى سوراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئانا يۈدۈپ كەلگەن تۇپراقنى ئەسكە ئېلىپ كېسەلگە دورا چىققاندەك خوش بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ دەرھال مۇھەممەدنى قوي مېيىدا مايلاپ بەدىنىگە ئوتىرارنىڭ تۇپىسىنى سۈرتۈپتۇ. ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچ - كۆچتە دائىم تۇپراق يۈدۈپ يۈرۈيدىغان ئادىتى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپتۇ. مۇھەممەد ئانىسى ئېيتىپ بەرگەن كۆچ - كۆچ رىۋايىتىنى ئاڭلاپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەتىسى قارىسا ئۇنىڭ بەدىنى قىچىشقاقتىن توختاپتۇ. ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ بەدىنى تېرە تاشلاپ يېڭى تېرە ئۆسۈپ چىقىشقا باشلاپتۇ. ئۇزلۇغ بوۋايغىمۇ تۇپراق پايدا قىپتۇ. ھەپتە ئۆتۈپ ئىككەيلەن سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ.



باغداتقا بارغان تۇنجى باھاردا مۇھەممەد ئەرەبچە بەيتۇل ھېكمەت دەپ ئاتىلىدىغان بىلىم يۇرتىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ ئوقۇشقا تاللىنىپتۇ. دەرس باشلىغان

بىرىنچى كۈنى ئۇ ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى تونۇشتۇرۇپتۇ.

تارخان، ئۇزلۇغ دېگەن ئۇيغۇرچە ئىسىملار مۇھەممەدنىڭ ئەرەب ساۋاقداشلىرىغا غەلىتە بىلىنىپتۇ. بىر ساۋاقدىشى: مۇسۇلماننىڭ ئىسمىمۇ ئەرەبچىدە يوق، قۇرئاندا تېپىلمايدىغان تارخان، ئۇزلۇغ بولامدۇ؟ سېنىڭ ئاتا - بوۋاڭ مۇسۇلمان ئەمەسمۇ؟ دەپ سوراپتۇ. مۇھەممەد: قۇرئاندا ئىسمى چىقىسىلا مۇسۇلمان بولامدۇ؟ ئىسمى ئەرەبچە، نەسەبى ئەرەب بولغاننىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولامدىكەن؟ ئۇنداق بولسا قۇرئاندا پىرئەۋىن، نەمرۇت، ئەبۇ جەھىل، ئەبۇ لەھەبلەرنىڭمۇ ئىسمى چىقىدىغۇ؟ ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلىلەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنىڭ ئىسمىمۇ ئەرەبچە ئىدىغۇ؟ مېنىڭ دادامنىڭ ئىسمى تارخان، تارخان دېگەن ئۇيغۇرچە ھاكىم، ھۆكۈمران دېگەن گەپ، بوۋامنىڭ ئىسمى ئۇزلۇغ، بۇ دېگەن بوۋامنىڭ يۇرتى خوتەندە گۈزەللىك، نەپىسلىك، كامالەتلىك دېگەن سۆز، دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا دەللىدە تەڭ كېلەلمەي باشقا گەپ تېپىپ بېرەلمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يېڭىلگەنگە تەن بەرمەي فارابىينىڭ ئۇيغۇرچە ئارىلاشقان ئەرەبچە تەلەپپۇزىنى مەسخىرە قىلىشقا باشلاپتۇ.



مۇھەممەد ئۇيغۇرچە پۇراقتىكى ئەرەبچە تەلەپپۇزىدىن سەل ئۇيالغاندەك بولۇپ قاپتۇ. ئاندىن سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، - مەن ھامان ئەرەبچىنى سىلەردىن ئاشۇرۇپ سۆزلەيدىغان بولىمەن. ئەمما ھازىرچە مەن سىلەر بىلەن ئەرەبچە سۆزلەشتە بەسلەشمەي تۇراي، بىز ھەممىلەن يۇنانچە ئۆگىنىشتە بەسلىشىپ باقايلى، قېنى

كىم ئۇتۇپ چىقىدىكەن. سىلەرگە ھازىر شۇنى دەپ قوياي، سىلەر بۈگۈن ئەرەبچە ئەمەس دەپ ياراتمىغان ئاتامنىڭ ۋە بوۋامنىڭ ئىسمى سىلەرنىڭ قۇرئاندا بار ئىسمىڭلاردىن ۋە ئەرەبچە فامىلەڭلەردىن ئۇزۇن ياشايدۇ. مەن سىلەرنىڭ تىلىڭلاردا شۇنداق كىتابلارنى يازىمەنكى دۇنياغا تونۇلىمەن. سىلەر ئۇ چاغدا ئۆلۈپ كەتكەن ئارىستوتىلنى تىرىلگەن ئوخشايدۇ دەپ قالارسىلەر، دەپتۇ.





راست دېگەندەك مۇھەممەد بىر يىلدىن كېيىنلا ساۋاقداشلىرىنى ئارقىدا قويۇپتۇ. ئۇستازى ئۇنى دەرس ئۆتكۈزىدىغان بوپتۇ. ئۇ ھەتتا باغداتتا ھېچ كىم ئەرەبچىگە ئۆرۈپمۇ چۈشىنەلمىگەن گىرىكچە كىتابلاردىن دەرس ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئارىستوتىلنىڭ مېتافىزىكا دېگەن كىتابىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئاددى تىل بىلەن يېشىپ چىقىپتۇ. شۇ كۈنگىچە باغداتتا ئارىستوتىلنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا ئەرەبچە سۆز تاپقىلى بولمايدۇ دېگەن قاراش ئۈستۈن ئىكەن. فارابىينىڭ تەرجىمىسىدىن كېيىن ئارىستوتىلنىڭ كىتابلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ، دېگەن بۇ رىۋايەت يوقاپتۇ. فارابىينىڭ تەرجىمىسى بىلەن ئارىستوتىل ياراتقان بىلىم دۇنيادا قايتا يورۇلۇققا چىقىپتۇ.

# خوتەندىن كەلگەن توپا






مۇھەممەد بوۋىسى ۋە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن 40 ياشقىچە بىللە ياشاپتۇ. ئۇلار قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنى باغداتقا دەپنە قىلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. ئۆزى ئىلىم ئېلىش ۋە دەرس ئۆتۈشلەر بىلەن كونىستانپۇل، مەككە، دەمەشىق، ئىسكەندىرىيە قاتارلىق نۇرغۇن شەھەرلەردە بولۇپتۇ. ئەمما بارغانلا يېرىدە ئۇنى شۇ شەھەرنىڭ سۈيى ياتلايدىكەن ۋە بەدىنىگە چاقا چىقىپ كېتىدىكەن. بۇنداق چاغلاردا فارابى ئۇزلۇغ بوۋاي خوتەندىن يۈدۈپ ئالغاچ كەلگەن توپراقنى بەدىنىگە سۈرتۈپ قويسىلا ساقىيىپ قالىدىكەن.

مۇھەممەد ئۇزلۇغ بوۋاي ۋە دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە

ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوردا ـ سارايلارنى رەت قىپتۇ. شاھلارنىڭ سورۇنىدا ۋەز ئېيتماپتۇ. بايلارنىڭ نەپسى ئۇچۇن تەبلىغ قىلماپتۇ. ئۇ زەردار، ئەمەلدار ۋە شاھلارغا يېقىن يولماستىن ئىلىم تارقىتىپ ۋە كىتاب يېزىپ ھاياتىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ قېرىپ ئىشلىيەلمەس بولۇپ قالغان چاغلاردىمۇ شاھلارنىڭ ئىلتىپاتىنى رەت قىلىپتۇ. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تەكلىماكاندىن بىر ئۆچكە ئەكەلدۈرۈپ شۇنىڭ سۈتىدە ئەتكەن چاي قىلىپ ئىچىپ كۈن كەچۈرۈپتۇ.

مۇھەممەد ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ۋەتەندىن يادىكار قالغان توپراقنى يېنىدىن ئايرىماپتۇ. ئۇ سەپەردە تۇغۇلسا توپراق قاچىلانغان خالتىنى قوينىغا سېلىپ ئىسسىنىپتۇ. ھارغاندا بېشىغا شۇ خالتىنى قويۇپ ئۇخلاپتۇ.



مۇھەممەد ساۋاقداشلىرىغا ئېيتقاندەك ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپتۇ ۋە دۇنيادا ئارىستوتىلدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئۇستاز دەپ نام ئاپتۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەلفارابىي نامىدا جاھانغا تاراپتۇ. ئۇنىڭ تارخان، ئۇزلۇغ دېگەن ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسى بىلەن قوشۇلۇپ تارىخقا ئۆچمەس قىلىپ يېزىلىپتۇ.